مەسئىلەر گۈلىستانى

# بشاپاغا گۇلگۇل باغلماق خاتادۇر

(مەھبۇبۇل - قۇلۇب)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# بۇۋاپاغا گۈل باغلىماق خاتادۇر

(مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

图书在版编目（C I P）数据

不能与背信弃义者为伍：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-757-3

I. 不… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024519 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　不能与背信弃义者为伍
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　艾则孜·阿塔伍拉·萨尔特肯
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-757-3
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: بۇۋاپاغا كۆڭۈل باغلىماق خاتادۇر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-757-3
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «بىۋاپاغا كۆڭۈل باغلىماق خاتادۇر» دېگەن كىتابتا بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 – 1501) نىڭ ھاياتى ۋە «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نادىرە كۆندىلىك ئادىتى بويىچە دەرستىن چۈشۈپلا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇپ ئوقۇش پۇتكۇزۇش ماقالىسى يېزىش بىلەن بەند بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ‹مەھبۇبۇل قۇلۇب› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا» دېگەن تېمىنى تاللاپ بولغان بولسىمۇ، رەسمىي يېزىشقا كىرىشمىگەن ئىدى. چۈنكى ئوقۇش پۇتكۇزۇش ماقالىسى يېزىش ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلاشنى، يېڭى - يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىيلىكى يۇقىرى ئەمگەك بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىراپلا قەلەم تەۋرىتىشكە بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزگە ئەزەلدىن قاتتىق تەلەپ قويىدىغان بۇ قىزنىڭ ئوقۇش پۇتكۇزۇش ماقالىسىنى ئالاھىدە يېزىش ئىستىكى ئۇنى بىر مىنۇت ۋاقىتنى بولسىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىزدىنىشكە ئۈندەيتتى. ئۇ كۇتۇپخانىغا مېڭىۋېتىپ بۈگۈن كەچكى پىلاننى ئويلىۋالدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بالىلىق دەۋرى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتىمەن. تاماقنى يەپ بولۇپ، مەكتەپ يېنىدىكى كۆل بويىغا بېرىپ ھاۋالانغاچ ئارام ئالىمەن...

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ كۇتۇپخانا بىناسىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. كۇتۇپخانا پەلەمپىيىگە ئەمدىلا قەدەم بېسىشىغا تونۇش بىر ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— نادىرە، ھەي نادىرە، — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاۋاز چىققان

تەرەپكە قارىدى. ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى جەمىلە تۇراتتى.

— جەمىلە! سەن شۇمۇ دوستۇم، توۋا خۇدايىم! بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ، — نادىرە ھاياجان ئىلكىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ دوستىنى چىڭ قۇچاقلىدى. گەرچە بۇ ئىككىيلەن ياش - قۇرامى جەھەتتىن تەڭ بولسىمۇ، ھالا بۈگۈنكى كۈندە كەلگەندە تەقدىر - قىسمەت بۇ ئىككى قىزنى تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى دۇنيا قىلىپ قويغانىدى. ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا سىنىپنىڭ قوشماق گۈلى دەپ ئاتالغان بۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى شۇ تاپتا تېخىمۇ خۇش پۇراق چېچىۋاتقان ئەتىرگۈلگە ئوخشىسا، يەنە بىرى كۈز پەسلىنىڭ شامىلىدا دۈگدەيگەن ئەتىرگۈلنى ئەسلىتەتتى.

— چۈشۈڭ ئەمەس، نادىرە، — جەمىلە نادىرەنىڭ قىزغىن سالىمىدىن كېيىن، ناھايىتى تەسلىكتە شۇنى دېيەلىدى.

— سەن بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن بېرى پەقەت ئالاقىلىشالمىدىم، — نادىرە جەمىلەنىڭ چاچلىرىنى تۈزىگەچ ھاياجان بىلەن تويماي قارايتتى. جەمىلە خۇدۈكسىرىگەندەك:

— ئادەمگە نېمانچە قارايسەن، قېرىپ كېتىپسەن دەپ مازاق قىلىۋاتامسەن نېمە؟ — دەپ دوق قىلدى رەنجىگەندەك قىياپەتتە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ جەمىلە، كۆزۈمگە بەئەينى گۈل بولۇپ كۆرۈندۈڭ.

— نەدىكىنى، سولغان گۈلدەك كۆرۈنگەندىمەن ساڭا.

— ئەجەب مەندىن خاپا بولغاندەك گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ، جەمىلە.

— سەندىن نېمىشقا خاپا بولغۇدەكمەن.

— ئەمىسە نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— بەك تىكىلىپ قارىۋېدىڭ، مېنىڭ سولغۇن چىرايىمنى كۆرۈپ مازاق قىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

— قارا، كونا ئادىتىڭ پەقەت ئۆزگەرمەپتۇ، بىز بىر شەھەردە چوڭ بولدۇق تاكى ئالىي مەكتەپتىمۇ بىرگە ئوقۇدۇق. ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلاردىن باشقىلىرى ئوقۇش پۈتكۈزۈپلا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشتى. مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئوقۇش پۈتكۈزگىنىمىزگە ئۈچ يىل بولاي دەپ قاپتۇ. بۇ جەرياندا باشقا ساۋاقداشلار بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشەلمىسەممۇ تېلېفوندا بولسىمۇ كۆرۈشۈپ تۇردۇم. ئەمما سەن بىلەن بىر شەھەردە تۇرۇپ، يا كۆرۈشەلمىدىم، يا تېلېفوندا ئالاقىلىشالمىدىم. كۆچۈپ كېتىپمۇ دەپ قويمايسەن، يا بىرەر قېتىم ئىزدەپمۇ كەلمىدىڭ.

— سەن مېنى تاپالمىغان يەردە، مەن سېنى قانداق تاپىمەن، نادىرە.

— بولدى، ئەرزىمەس سەۋەبنى كۆرسەتمىگىنە، جەمىلە. ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى مېنىڭ ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئۆز مەكتىپىمىزدە داۋاملىق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمنى ئوبدانلا بىلەتتىڭغۇ. ھەقاچان ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئاق ئاتلىق شاھزادەڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىزلەرنى ئويلاپ قويغۇدەك ۋاقتىڭمۇ چىقمىدىغۇ دەيمەن، — نادىرەنىڭ شۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان جەمىلە نادىرەگە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، ئاداش، — نادىرە جەمىلەنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى. جەمىلەنىڭ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى ئۇنىڭ قانداقتۇر ئازابلىق ئۆتمۈشىدىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئاداش، باشقىلار كۆرسە سەت تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

جۇر، ياتاقتا كىرەيلى. نېمە ئىشلار بولغىنىنى ماڭا بىرمۇبىر دەپ بەر. ئېسىڭدىمۇ، بىز ئەينى ۋاقىتلاردا كېچە ـ كېچە سىردىشىپ قانمايدىغان دوستلاردىن ئىدۇققۇ!

جەمىلە خۇددى شۇنى كۈتۈۋاتقاندەك ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ نادىرەگە ئەگىشىپ ماڭدى.

نادىرە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپلا ئاسپىرانتلىققا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى. سىرتتىن تۇنجى كىرگەن ئادەم بۇ ئۆيگە قاراپلا ئوقۇغۇچىنىڭ تۇتقان ئۆيى دېسە ئەسلا ئىشەنمەيتتى. جەمىلە ئۆيگە كىرىپلا ھەيران قالدى. 48 كۋادرات مېتىرلىق بۇ ئۆي پاكىز ۋە رەتلىكلىكىدىن كىشىگە ئالاھىدە يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى.

ــ ئۆي تۇتۇشنى سەندىن ئۆگەنسەم بولىغۇدەك جۇمۇ، نادىرە.

ــ نەدىكىنى، سەن مەندىن بۇ جەھەتتە تەجرىبىلىكقۇ دەيمەن.

ــ بولدى چاقچىقىڭنى قوي، ئاداش. مېنىڭ شۇ تاپتا يىغلىغۇملا كەپ تۇرىدۇ.

ــ ساڭا زادى نېمە بولدى؟ ئىلگىرىكى جەمىلەگە ھېچ ئوخشىمايۋاتىسەنغۇ، ئاداش.

ــ شۇنى دېگىنە، ئادەم ئۆتكەن ئۆمرىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!

ــ ھەيرانمەن؟ ئىلگىرىكى جەمىلەگە ئوخشىمايلا قاپسەن!

جەمىلە ئۆيگە ھەۋەس بىلەن سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن چاقچاقىنىنە ياسالغان مېھمانخانا ئۆيدىكى قوش كىشىلىك ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. نادىرە ھەش ـ پەش دېگۈچە قىزلار ئامراق پارچە ـ پۇرات يېمەكلىكلەر تىزىلغان پەتنۇستىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۈستەلگە تىزىپ قويۇپ، جەمىلەنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇردى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. شۇ تاپتا جەمىلەنىڭ ئىچىدىكى دەردلىرىنى بىراقلا چىقىرىۋەتكۈسى، ئۆتمۈشىنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كەتكۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئازابنىڭ ئىچىدە مۇڭلىناتتى، ئېسەدەيتتى. قەدىناس دوستىدىن يۈرەك يارىسى ئۈچۈن مەلھەم ئىزدەيتتى. دوستىنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەندەك نادىرە سۆز باشلىدى:

ـــ ئاداش، بىلەمسەن، مەن ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا سەندىن ناھايىتى كۆپ نەرسىنى ئۆگەنگەن ئىدىم. سەن ماڭا ھەم يېقىن دوست، ھەم ئۆگىنىش يولىدىكى يېتەكچىم ئىدىڭ. مەن ھېلىغىچە سېنى ئۆزۈمگە يېتەكچى دەپ بىلىمەن. ئەجەبا، بۈگۈن سېنى بۇنىداق سولغۇن ھالەتتە كۆرەرمەن دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

ـــ توغرا دەيسەن، نادىرە، بىز ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدا ھەممە جەھەتتىن ماسلىشىدىغان ئەڭ يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق. كۆپ جەھەتلەردە مەن ساڭا تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ ئۈستۈن كېلىپ مېنى بېسىپ چۈشتۈڭ.

ـــ نەدىكىنى، مەن ھەر قانچە قىلساممۇ ساڭا يېتىشەلمەيمەن. سەن پەقەت ئۆز قابىلىيىتىڭنى جارى قىلدۇرمىدىڭ شۇ.

ـــ مەندە نەدىمۇ ئۇنداق قابىلىيەت دەيسەن.

ـــ بەكلا كەمتەر بولۇپ كەتتىڭمۇ ـ نېمە؟

ـــ ياقەي.

ـــ مەن خۇددى سېنى بىلمەيدىغاندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ ئەمىسە؟

ـــ سەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، ئۆزۈڭنى تېخىمۇ كۈچەيتتىڭ. ئەمما مەنچۇ؟

ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ھەممىنى تۈگەتتىم. ھازىر مېنىڭ مەۋجۇتلۇقىمنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقتەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، ئاداش.

— ئېسىڭدىمۇ، جەمىلە بىز ئالىي مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دەرسىنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىمىز بۈيۈك شائىر ئەلشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسىرىنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇ كىتاب قەلبلەر دوستلۇقىنى مۇستەھكەملەيدىغان، كىشىنى ئاقىل - پازىل بولۇشقا ئۈندەيدىغان ئەخلاق دەستۇرى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە...» دەپ سۆزلەپ، شائىرنىڭ ئۇشبۇ كىتابىدىكى «گۆھەر پاتقاقتا چۈشكەن بىلەنمۇ قىممىتىنى يوقاتماي نۇر باھاسىنى ساقلاپ قالىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى نەقىل قىلىپ، بىزگە نۇرغۇن تەربىيە ئىشلىگەن ئىدى. شۇ تەربىيىلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ بىزنى ياخشى ئۆگەنسەك ھامان ئۆز قىممىتىمىزنى نامايان قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەندۈرگەن. بۈنى ساڭا ئېيتىشىم قانداقتۇر ئالدىڭدا تارىخ سۆزلەش ئەمەس، بەلكى ھامان قىممىتىڭنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەتنى سەن يارىتالايسەن دېمەكچىمەن.

— ئېيتقىنىڭغۇ راست، نادىرە. ئەمما مەن ھازىر تولىمۇ كېچىكتىم. ھېلىغىچە ئىش ئورنۇم يوق. ئاتا - ئانامنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇنىماي، سەن بىلىدىغان ھېلىقى بىزدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتكۈزگەن شۆھرەت بىلەن توي قىلدىم. ئۇ دەسلەپكى يىللىرى ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. مەن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەت قىلمىدىم. كىم بىلسۇن، كېيىنكى كۈنلەرگە بارغاندا ئۇ مەندىن بىزار بولۇپ، ئاجرىشىپ

كەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەردىن قېچىپ يۈردۈم. ئەمما، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاتا ـ ئانام بەك غۇرۇرلۇق كىشىلەر بولغاچقا، بۇ قىلغانلىرىم ئۇلارغا بەك ئېغىر كەلدى. نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن خىزمەت قىلاي دەپ خېلى كۆپ يول ماڭغان بولساممۇ، تەلىيىمنىڭ كاجلىقىدىن ھەل بولمىدى.

ــــ شۇنچىۋالا ئىشلار بوپكەتكىچىمۇ، مېنى بىرەر قېتىم ئىزلەپمۇ قويماپسىنا، ھەتتا تېخى تويۇڭغىمۇ ئېيتماپسەن.

ــــ مېنى ئەيىبلىمە، ئاداش. بايا ئېيتتىمغۇ، ئاتا ـ ئانام تويغا قوشۇلمىغاچقا، بىز يوشۇرۇنچە توي قىلغان.

ــــ شۇنداقمۇ يېنىكلىك قىلامسەن؟

ــــ ئادەم مۇھەببەت قاينىمىغا كىرىپ قالغاندا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىكەن. ئەمدى پۇشايمان قىلغانغا ئورنىغا كېلەمدۇ دەمسەن. ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىمىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان «بىۋاپاغا كۆڭۈل باغلىماق خاتادۇر» دېگەن ھېكمەتنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەندە ئانچە ئېرەنشىمەپتىكەنمەن. بۈگۈنگە كەلگەندە مۇئەللىم ئېيتقان شۇ سۆزلەرنى ئەمەلىيىتىمگە تەتبىقلىيالمىغىنىمدىن كۆپ ئەپسۇسلىنىمەن.

ــــ جەمىلە، مەن قايسى كۈنى بىر ماتېرىيالنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدا ئادەم خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ئىشلار ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن كۆپ شۇغۇللانسا غەم ـ قايغۇ كەلتۈرىدىغان ئەسلىمىلەردىن خالىي بولسا، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خاتالىقتىن ئىبرەت ئېلىشى، ئۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىچىنى ئاچچىق قىلماسلىقى كېرەك... دېگەنلەر يېزىلغان ئىكەن. دۇنيادا خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئىنسان بولمايدۇ. سەنمۇ ئەسلىدە ھەممىگە ئېھتىيات بىلەن

مۇئامىلە قىلىدىغان قىز ئىدىڭ. ئۆتمۈش ھامان ئۆتمۈش، ھەرقانچە ئازابلانغان، ئەپسۇسلانغان بىلەنمۇ ئۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئارتۇقچە قايغۇرۇش ھەم ئەخمەقلىقتۇر. ئەرزىمەس ئىشلارنى دەپ ئۆزۈڭنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا قەددىڭنى رۇسلاپ ئۆزۈڭنى نامايان قىل.

— ئېيتماققا ئاسان، ئاداش، ئەمما بۇ ئىش سېنىڭمۇ بېشىڭغا كەپ قالسا (خۇدا ساقلىسۇن)، نېمە قىلارىڭنى بىلەلمەي قالىدىكەنسەن.

— بولدى، باشقا گەپنى قويايلى، ئاداش، سەنمۇ ھەر قاچان مەكتىپىمىزنىڭ ئارقا كوچىسىدىكى ئىككىمىز دائىم يەيدىغان راڭپىزنى بەك سېغىنىدىڭ.

— ھە؟! ئۇ راڭپىزخانا ھېلىمۇ بارمۇ، ئاداش؟

— بار، ئەسلىدىكى ئورنىنى كېڭەيتىپ يېڭىلىۋالدى. مەن زېرىكىپ قالغاندا ۋە ياكى تاماق يېگۈم كەلمىگەندە ئۇ يەرگە بېرىپ راڭپىزا يەپ كېلىمەن. ئەمما سەن بىلەن بارغاندىكىدەك تېتىمايدۇ دېگىنە، — نادىرە شۇنداق دېگەچ جەمىلەنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. بۇ ئىككىيلەن قولتۇقلىشىپ دېگۈدەك مېڭىپ راڭپىزخانىغا كەلدى ۋە ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە لازىسىنى تېتىتىپ بىر قاچىدىن راڭپىزا يېگەندىن كېيىن ياتاققا قايتىپ كەلدى. قارىماققا جەمىلەنىڭ كەيپىياتى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغاندى. نادىرە پسىخولوگىيىگە دائىر ماتېرىياللارنى كۆپرەك كۆرگەچكە جەمىلەنىڭ دىققىتىنى بۇراپ، ئۇنىڭ كۆڭۈلسىز ئۆتكەن بىر نەچچە يىلنى ئەسلىشىگە ئىمكان بەرمىدى. ھە دېسىلا، ئۇ كىتاب، بۇ كىتابنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇردى. چۈنكى جەمىلە ئەينى ۋاقىتلاردا بىر كىتابخۇمارى ئىدى. ئۇ كىتاب ئوقۇيدىغان بولسا ئاۋازىنىڭ يېقىشلىق،

www.uyghurkitap.com

تەلەپپۇزىنىڭ يېقىملىقلىقىدىن ئۇنى ماختىمايدىغىنى يوق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىمۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسىرىنى ياتاقداشلىرىغا دائىم ئوقۇپ بېرەتتى. نادىرە دوستىنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كۆڭلىنى تېخىمۇ ئاۋۇندۇرۇش مەقسىتىدە:

— ئاداش، ئېسىڭدىمۇ، سەن كىتابنى بەك ياخشى ئوقۇيتتۇڭ. بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسىرىنى دائىم ئوقۇپ بېرىپ ياد قىلىۋەتكەن ئىدىڭ. شۇ ۋاقىتتىكى تەسىرىدىنمۇ قانداق مەن ئاسپىرانتلىق دىسسېرتاتسىيەمنى بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ‹مەھبۇبۇل قۇلۇب› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا يېزىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، شۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتىمەن. سېنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىڭ يۇقىرى بولغاچقىمىكىن، ئىلگىرى كىتابنى ئوقۇساڭ، ماڭا يېڭىدىن ـ يېڭى پىكىر، زوق ئاتا قىلاتتىڭ، ماڭا ھازىر دەل مۇشۇ لازىم بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا كىتابنى ماڭا بىر ئوقۇپ بەرگىنە ئاداش! — دېدى ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.

— مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتىمۇ ماڭا يۆلىنىۋالاتتىڭ، بۇ ئادىتىڭنى ئۆزگەرتمەپسەن ـ دە، — دېدى جەملە. نادىرە يېقىملىق جىلمىيىپ تەبەسسۇم قىلىپ:

— سەن مېنىڭ يېتەكچىم تۇرساڭ.

— مېنى ئۇنداق ئۇچۇرما، ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتىكى ئاۋازىم يوق. تولا يىغلاپ ئاۋازىممۇ ئۆزگىرىپ كەتتى.

— نەدىكىنى، تۇمۇچۇقتەك سايراپ تۇرىسەنغۇ؟

— بولدى، مېنى ماختاۋەرمە، سېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ گەپ بۇراۋاتقىنىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟

— سېنىڭ كۆزۈڭدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ـ ھە!

بوپتۇ، مەن شۇنداق قىلغان بولاي. ماڭا ئوقۇپ بېرەمسەن، ئەينى ۋاقىتتا ياتاققا ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ كىرىپ كەيپىمنى ئۇچۇراتتى. بۈگۈن بۇ ئۆيدە ئىككىمىز يالغۇز. توسالغۇ بولىدىغان ھېچكىم يوق. شۇڭا ئانىسىدىن چۆچەك ئاڭلاۋاتقان سەبىي قىزدەك ئېڭىكىمنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ قانغۇدەك ئاڭلىۋالاي.

— مانا دېمىدىمۇ، «دىلدىكى تىلغا تېپەر» دېگەندەك سەن مېنى بىردەمدە ئانىغا ئوخشاتقىلى تۇردۇڭغۇ؟

جەمىلە سەل خاپا بولغان قىياپەتكە كىرىۋالماقچى بولغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن قاملاشتۇرالماي كۈلۈۋەتتى. جەمىلەنىڭ بۇنداق ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىرىپ كۈلۈپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى. ئەتىگەننىڭكىياقى ئۇ يېقىن دوستىغا ئىچ سىرىنى تۆكۈپ كۆڭۈللۈك مەكتەپ ھاياتىنى ئەسلەپ خېلىلا يېنىكلەپ قالغانىدى.

— ئويلاپ باقسام، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن بېرى بىرەر كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇپ باقماپتىمەن. مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىمىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمىكىن دەيمەن. گەرچە ئەلىشىر نەۋائىي، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ناملار ئېسىمدە بولسىمۇ، مەزمۇنلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بۈگۈن مەنمۇ شۇ باھانىدا ئۇنتۇغانلىرىمنى تەكرارلىۋالاي، — دېدى جەمىلە.

شۇ باھانىدا نادىرە چىرايلىق مۇقاۋىلاپ قويۇلغان «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن كىتابنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. جەمىلە كىتابنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر ۋاراقلاپ چىقىپ:

— نادىرە، راستىنى دېسەم، مەن بۇ كىتابنى بۇنداقلا ئوقۇپ بەرسەم پايدىنى سەن ئالىسەنكەن. مەن بۇنىڭغا چىدىمايمەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان نادىرە ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى، ئوقۇش جەريانىدا سەنمۇ ئېسىڭگە ئېلىۋالىسەن ئەمەسمۇ، — دېدى ھەيرانلىقتا.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنمىدىڭ، نادىرە. مەن ئەلىشىر نەۋائىي ۋە بۇ ئەسەر ھەققىدە باشقا مۇكەممەلرەك ماقالە ـ ئەسەر بولسا، دەسلەپتە شۇنى ئوقۇپ بېرىپ ئاندىن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بەرسەم ماڭىمۇ ياخشىمىكىن دەيمەن، — دېدى جەمىلە سەممىيلىك بىلەن.

جەمىلەنىڭ بىردەمدىلا ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا كىرىشىپ كەتكىنىدىن خۇشال بولغان نادىرە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ:

— كەچۈر، مەن ئۆزۈمنىلا ئويلاپتىمەن، سېنىڭ مۇشۇ ئوچۇق ـ يورۇقلۇقۇڭ ماڭا بەك ياقىدۇ. دۆتلۈكۈمنى قارا، بىردەم تۇرۇپ تۇر، مەن ھازىرلا شۇنداق مەزمۇندىكى ماتېرىيالنى ئېلىپ چىقاي، — دېدى ـ دە، ياتاق ئۆيدىكى كىتاب ئىشكاپىدىن «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي» دېگەن كىتابنى ئېلىپ چىقتى. بۇ كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ھەققىدىكى بىردىنبىر كوللېكتىپ ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ، بۇنىڭغا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن ئىدى. جەمىلە بۇ كىتابنى قولىغا ئېلىپ مۇندەرىجىسىنى كۆرۈپ ۋاھىتجان غوپۇر ئاپتورلۇقىدىكى «نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ‹مەھبۇبۇل قۇلۇب› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىنى تاللىدى ۋە شۇ ماقالە بار جاينى ئېچىپ:

— ئەمىسە باشلىدىم، ئاداش، ئۇزاق بوپتىكەن كىتاب ئوقۇمىغىلى. مازاق قىلما جۇمۇ، — دېدى نادىرەگە قاراپ كۈلۈپ.

— مازاق قىلىشقا ھەددىمۇ، سەندەك ئۇستازنى تاپقاندا ئەتىۋارلاپ پايدىلانمىسام بولمايدۇ ـ دە.

— ھە! سەن مەندىن پايدىلىناقچىمۇ تېخى، ھۇ ئۆزىنى

بىلمەيدىغان.

بۇ ئىككى قىز شوخلۇق قىلىپ بىر - بىرىنى غىدىقلاشقاندىن كېيىن، بىر هازا كۈلۈشۈپ ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى. جەملە چوڭ تىنىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئەمىسە ئوقۇشنى باشلىدىم. دىققەت قىلىپ ئاڭلا، بولمىسا، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويىمەن، — دېدى ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ. بۇ ئىككىيلەن يەنە بىر كۈلۈشتى. جەملە ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئوقۇشقا باشلىدى.

مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس هاجىپ قاتارلىق مەشهۇر ئىلىم - پەن ئەربابلىرى ۋەكىللىكىدىكى قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق ئەنئەنىسىگە هەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەمگەكلىرى ئارقىلىق يەنە بىر پەللە كۆتۈرگەن ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلشىر نەۋائىي جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت تارىخىدا سالماقلىق ئورۇن ئىگىلىگەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئەلشىر نەۋائىي 1441 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى هىرات شەهىرىدە مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1501 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاتمىش يېشىدا هىرات شەهىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابى، مەشهۇر تارىخچى مىرزا هەيدەر كۆرەگانى ئۆزىنىڭ ئابدۇرېشىتخان (مىلادىيە 1533 — 1569 - يىللار) غا بېغىشلاپ يازغان داڭلىق ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» دە بۇ هەقتە توختىلىپ: «ئەلشىر نەۋائىي هىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى غىياسىددىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان» دەپ

يازىدۇ. فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئىززەت سۇلتانوف 1973 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «نەۋائىينىڭ قەلب دەپتەرلىرىدىن» ناملىق ئەسىرىنىڭ 28 - بېتىدە مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتى توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتىدۇ. «تارىخى رەشىدى» دە يېزىپ قالدۇرۇلغان مەزكۇر مەلۇماتنى يەنە ئا. ئا. سېمېنوف، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان قاتارلىقلارمۇ ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدا ئېنىق تەكىتلەيدۇ[1].

دېمەك، يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەينى دەۋردىكى ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر زىيالىيسى غىياسىددىن كىچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئەلىشىر نەۋائىي دۇنياغا كېلىشتىن ئالدى - كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ھىرات شەھىرىدە ئابدۇرەھمان جامى (مىلادىيە 1414 — 1492 - يىللار) نىڭ ئۇستازى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى سەدىدىدىن قەشقەرى يۇكسەك ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغانىدى، جۇملىدىن ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئۆچمەس ھەسسە قوشقان ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە ئەدىبلىرىدىن «سۇلتان مالىك قەشقەرى، جانبەگ (دولداي) قەشقەرى، غىياسىددىن باخشى، ئەھمەد ھاجىبەگە، شاھقۇلى، لۇتفى، ئاتايى»[2] قاتارلىق مەرىپەت پېشۋالىرى ئەنە شۇ ھىرات شەھىرىدە جامائەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان ۋە ئىلىم - پەن، بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى

[1] «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1984- يىل 2 - ئاينىڭ 14- كۈنىدىكى سانىنىڭ 4 - بېتىگە قاراڭ.
[2] «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1984- يىل 2 - ئاينىڭ 14- كۈنىدىكى سانىنىڭ 4 - بېتىگە قاراڭ.

ياراتقانىدى.

يۇقىرىقىدەك ياخشى شارائىت ۋە ئەۋزەل مۇھىت ئۆسمۈر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ قەلبىدە ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان قىزغىن تەلپۈنۈشنى، بەدىئىي ئىجادىيەتكە بولغان قايناق ھەۋەس ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتنى ئويغاتتى. ئۇ بالىلىقىدىن باشلاپلا گۈزەل ئەدەبىياتقا قىزغىن بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەت ئاسمىنىدا چاقنىغان نۇرانە يۇلتۇزغا ئايلىنىپ، پۈتكۈل ئۆمرىنى خەلقنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا بېغىشلاپ، بەدىئىي ئىجادىيەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتتى.

نەۋائىي 1469 - يىلىدىن كېيىن تەختكە چىققان خۇراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ساۋاقدىشى ئىدى، ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ زېرەك ۋە ئەقىللىقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇردى. نەۋائىي خەلقنىڭ قايغۇسى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان كىشى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش جەريانىدا ئاددىي خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىلغار، تەرەققىپەرۋەر تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، جاپاكەش، يوقسۇللارنىڭ ۋە ئىلىم - پەن ئەھلىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەم ئۇلار ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغانىدى. بىراق، نەۋائىينىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ پۈقراپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىن بەكمۇ خەۋپسىرەپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالغۇچى شەخس دەپ تونۇپ، زەھەرلىك سۇيىقەست قىلىش يولىغا

ئۆتتى. ئۇلار تۈرلۈك قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، نەۋائىيغا خىلمۇخىل بوھتانلارنى چاپلاپ، پادىشاھنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنى ئوردىدىن ھەم پايتەخت ھىراتتىنمۇ قوغلاپ چىقاردى، ھەتتا نەۋائىينى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تىل بىرىكتۈرۈپ سۇيىقەست ئۇيۇشتۇردى. نەۋائىينىڭ مانا شۇنداق مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ۋە كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشى ئۇنىڭغا ئىجابىي ھەم سەلبىي جەھەتلەردىن باي ھەم مول بىلىملەرنى بەردى. ئۇنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە، خەلق بىلەن يېقىنلىشىشىغا، خەلقنىڭ ئاھ ـ زارلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشىگە؛ ئادالەت ۋە ھەقىقەت تەرەپتە تۇرۇپ، زالىم، پارىخور ئەمەلدارلارنى پاش قىلىشىغا؛ ئۆلمەس خەلقپەرۋەر مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. نەۋائىينىڭ ئادالەت كۆز قارىشى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلىرىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى تەتقىق قىلغان كىشى بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلماي قالمايدۇ.

ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىنى گۈزەل، نەپىس، كۆپ ئىپادىلىك ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا «ئالتۇن دەۋر» دەپ ھېسابلانغان قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق ئەھمىيەتكە ئىگە «نەۋائىي دەۋرى» نى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋائىي پۈتۈن ھاياتى داۋامىدىكى ئىلمىي، ئىجادىي پائالىيەتلەر جەريانىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ رەڭگارەڭ گۈل چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن كۆركەم، سولماس سەلتەنەتلىك باغچىسىدىن تەملىك شىرنىلەرنى يىغىپ، ئۇنى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن تۈگىمەس مەنىۋى ھەسەلگە ئايلاندۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتتى. ئۆز ئانا تىلى (ئۇيغۇر تىلى)نىڭ ساپلىقى ۋە

مۇكەممەللىكى ئۇچۇن چېلىشتى. ئەينى دەۋردىكى ئۆز ئانا تىلىنى مەنسىتمىگۈچى هاماقەتلەرگە ئۆزىنىڭ بۇ تىلدا ياراتقان ئالەمشۇمۇل ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق دەل جايىدا، قاتتىق رەددىيە بەردى. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، نەۋائىي ئەينى دەۋردىكى شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولغان ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئىرىشىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ جەھەتتىمۇ يۇقىرى قابىلىيەت ياراتتى، ئاتاقلىق تىلشۇناسقا ئايلاندى.

نەۋائىي ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىل ۋە ژانىرلىرىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر مۇنچىلىغان يېڭى شەكىللەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

نەۋائىي 1487 - يىلى ئاستراباداتا سورگۈن ھېسابىدا تۇرغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بارلىق غەزەللىرىنى توپلاپ، ئۇن ئالتە خىل لىرىك ژانىردىن تەركىب تاپقان، 44803 مىسرادىن، 3130 پارچە شېئىردىن تۈزۈلگەن «خەزائىنۇل مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى لىرىك ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنى يىغىپ «دىۋانى فانى» ئىسىملىك توپلامنى تۈزۈپ چىقتى.

«خەزائىنۇل مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») نەۋائىي تەرىپىدىن مەزمۇن ۋە ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن «غەرايىبۇس سىغەر» («ئۆسمۈرلۈك غارايىپلىرى»)، «نەۋادىرۇش شەباب» («يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»)، «بەدايىئۇل ۋەسەت» («ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى») ۋە «فەۋائىدۇل كىبەر» («قېرىلىقنىڭ

پايدىلىرى») دېگەن تۆت قىسىمغا بۆلۈپ تۈزۈلگەن بولغاچقا، خەلق ئىچىدە «چاھار دىۋان» (تۆت توپلام) نامى بىلەن مەشھۇردۇر.

ئۇيغۇر فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ ئىلھام بۇلىقىدىن قېنىپ - قېنىپ سۇ ئىچكەن بۈيۈك سۆز سەنئەتكارى نەۋائىي 1483 - يىلىدىن باشلاپ، خەلق داستانلىرى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى سۇژېتلار ئاساسىدا ئىجادىي يېزىلغان، بەش داستاندىن تۈزۈلگەن «خەمسە» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى مەشھۇر داستانلار توپلىمىنى يېزىشقا كىرىشتى. 1485 - يىللارغا كەلگەندە 52 مىڭ مىسرا شېئىردىن تۈزۈلگەن «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار» («يەتتە سەييارە»)، «ھەيرەتۇل - ئەبرار» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى»)، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «سەددى ئىسكەندەرىي» («ئىسكەندەر سېپىلى») سەرلەۋھىلىك بەش پارچە يىرىك داستاندىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىمدىكى مەشھۇر داستانلار توپلىمى — «خەمسە» نى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

نەۋائىي چوڭ ھەجىمدىكى داستانلار توپلىمى«خەمسە» دە 15 - ئەسىردىكى ئىجتىمائىي ھايات مەسىلىلىرىگە كونكرېت يارتىلغان پوئېتىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ ئالدىنقى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەتراپلىق، دەل جايىدا، توغرا جاۋاب بېرىدۇ. گۈزەل ئەخلاقنى، ئادالەتپەرۋەرلىكنى، ئەقىل ۋە سائادەتنىڭ ئاساسى بولغان ئەمگەكنى، تەرەققىياتنى ۋە ئىلىم - پەننى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈيلەيدۇ؛ تەرەققىيات ۋە مەرىپەتنىڭ دۈشمىنى بولغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار، جاھىل، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ.

ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، بولۇپمۇ 1488 - يىلىدىن كېيىن پوئېزىيىنىڭ ئېپىكا ۋە لىرىكا تۈرلىرىدىكى ئىجادىي پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، تارىخ، تىل، ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق، پەلسەپە... قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەر قايسى ئېقىملىرىغا مەنسۇپ بولغان ئىلمىي، نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرى ئۈستىدىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ، مۇلاھىزە ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى، بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى يازدى. 1488 - يىلى يېزىلغان «تارىخى مۇلكى ئەجەم» ناملىق ئەسەر، 1490 - يىلى يېزىلغان «ھالاتى سەيد ھەسەن ئەردەشىر» ناملىق ئەسەر، 1491 - يىلى يېزىلغان، 458 نەپەر مەشھۇر يازغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر تونۇشتۇرۇلغان «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسەر؛ 1498 — 1499 - يىللاردا يېزىلغان، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «لىسانۇت تەير» («قۇشلار تىلى») ناملىق ئەسەر؛ 1499 - يىلى يېزىلغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى ئەرەب، پارس تىللىرىغا سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلايدىغان، تىل مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسەر ۋە «مىزانۇل ئەۋزان»، «سىراجۇل مۇسلىمىن»... قاتارلىق ئىلمىي، بەدىئىي مىراسلار ھەم ئۇنىڭ ھاياتىدىن تەخمىنەن بىر يىل ئىلگىرى يەنى 1500 - يىلى يېزىلغان، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرى بولغان «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسەر يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋائىي كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، نەسىرىددىن رابغۇزى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىق مەشھۇر ۋەكىللىرى ياراتقان مول مەزمۇنلۇق، ئېسىل تەجرىبىلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق شىجائەت بىلەن ھارماي ـ تالماي ئىجاد قىلدى. ئۆزىنىڭ نادىر بەدىئىي، ئىلمىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى ئالىم، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن پارلاق ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

نەۋائىينىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتچى ئۇستازلار ۋە خادىملار ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك تەتقىقاتلىرىنى، مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى ياكى نەۋائىينىڭ روشەن ئىدىيىۋىلىككە ۋە يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە بولغان بىر بۆلۈك ئەسەرلىرىنى مەتبۇئاتلاردا تونۇشتۇرۇپ، ئەسەر ھەققىدىكى كونكرېت باھالىرىنى ئېلان قىلىپ، نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى ۋە تۆھپىسى ھەققىدە توغرا يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

مەن بۇ ماقالەمدە ئۇستازلار، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن كەڭرى مۇلاھىزە قىلىنغان قاراشلارنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. پەقەت بۇ ساھەدە تازا چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەن، مەزمۇنى نۇقتىلىق مۇلاھىزە قىلىنمىغان نادىر ئەسەر ــ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ھەققىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بۈيۈك سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋائىي مىلادىيە 1500 ـ

يىلى يەنى ۋاپاتىدىن تەخمىنەن بىر يىل ئىلگىرى پوتكول ھاياتىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرىنى، ئەخلاق تەشەببۇسلىرىنى، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يەكۈنلەپ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» سەرلەۋھىلىك نادىر ئەسەرنى يازدى. نەۋائىي بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان چۈشەنچىسىنى، ئەخلاق، ئادالەت، مەرىپەت، مۇھەببەت، ساداقەت توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، تەلىم - تەربىيە توغرىسىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەينى دەۋر تەرەققىيات تەقەززاسىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئاجايىپ كۆركەم بىر بەدىئىي شەكىلدە يورۇتۇپ بەردى. مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلدى. ئەسەرنى سەج (نەسرىي شېئىر، يەنى پروزا ئەسەرلىرىدىكى قاپىيە) ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، گۈزەل، تەسىرلىك، ئىخچام، جانلىق ئۇسلۇب بىلەن يېزىپ چىقتى.

نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئەسىرىدە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلىگە ئەمەل قىلىپ «ھەمدە» (مەدھىيە)، «نەئىت» (ئالقىش) لەرنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ يېزىلىشىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«پۇقرالارنىڭ گادىيى ۋە غېرىب بىچارىلەرنىڭ چېھرى كۇشايى پەقىر ئەلىشىر ‹نەۋائىي› تەخەللۇسلۇق ئاجىز ۋە خار بىر كىشىمەن... (مەن) ئۆمرۈمدە ياخشى، يامانلارغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەت ۋە خىزمىتىدىمۇ بولدۇم. گاھى خاراب ۋە ۋەيرانە جايلاردا ماكان تۇتتۇم، گاھىدا بولسا ئىززەتكە ئېرىشىپ غېنىلىق (بايلىق) بوستانلىرىدا كەسپكار بولدۇم...

گاھىلىرى خارابەتخانىلار مەيخورلىقىدىن تازا مەست بولدۇم ۋە گاھىدا پەس، ئۇلۇسلەر ئالدىدا خارلىققا قېلىپ، ئاجىز - مىسكىنلەر ئالدىدا ئېتىبارسىز ھېسابلاندىم... گاھىدا

شەھىرىمدىكى خەلقلەرنىڭ زۇلۇمىدىن غۇربەت چەكتىم ۋە غېرىب خالايىقلار سېپىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدۇم. گاھىدا تاغ ئۆڭكۈرلىرى ئارامگاھىم بولدى ۋە گاھىدا يىراق چەت سەھرالار پاناھ جايىم (ماكانىم) بولدى.

...بۇ مۇقەددىمىلەرنى ئېيتىشتىن مەقسەت شۇكى، مەن ھەر كويدا يۈگۈرۈپ‌مۇ باقتىم، ئالەم كىشىلىرىدىن خىلمۇخىل ئىنسانلارغا يولۇقتۇم، ياخشى، ياماننى ھېس قىلدىم. كۆڭلۈم ياخشىلىقتىن راھەتلەنگەن بولسا، يامانلىق نەشتىرىدىن شىكەستە يېدى، پەسلىك بىر كۈنلۈك، جاراھەت ۋە داۋا (ئاخىر) كۆڭلۈمگە ئايان بولدى.

دوست ـ بۇرادەرلەرگە بۇ ئىشلارنى تەنبىھ قىلماق ۋە ئۇلارنى بۇ ھالەتتىن ئاگاھ قىلماق ماڭا زۆرۈر كۆرۈندىكى، (ئۇلار) ھەر تائىپىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن ۋاقىپ بولسۇن ۋە ھەر تەبىقىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇماتقا ئىگە بولسۇن، نامۇناسىپ كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن قاچسۇن، ئۇچرىغانلا كىشى بىلەن سىرداش بولۇۋەرمىسۇن. خىلمۇخىل غەيرىي ئادەملەر بىلەن سۆھبەتلىشىش ھەۋىسى قوزغالغاندا، ئۇلار مېنىڭ (دېمەكچى بولغان) بۇ تەجرىبىلىرىمدىن ساۋاق ئالسۇن... (دېمەك، يۇقىرىقى نۇقتىدىن ئالغاندا) بۇ ماقالىنىڭ ئۇلارغا مەھبۇبلىقى (يېقىن دوستلۇقى) راستتىنلا مەلۇم بولىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ‹مەھبۇبۇل قۇلۇب› («قەلبلەر دوستى») دەپ ئات قويۇلدى...»

دېمەك، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تىن كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىقى نەقىللەر ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، نەۋائىي مەزكۇر نادىر ئەسەرنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھايات تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدىكى تېرەن قاراشلىرىنى،

ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە يازغان.

نەۋائىي ئەسەرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر پارچە رۇبائىيسىنىڭ 3 - مىسراسىدا ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتىدىن مەلۇمات بېرىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ.

«(ئۇنىڭ) تارىخى ‹خۇش› ناملىق سۆزدىن ھاسىلدۇر.» ئىشارە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئۆز قائىدىسى بويىچە ھېسابلىغاندا «خ» ھەرپى 600 نى، «ۇ» ھەرپى 6 نى، «ش» ھەرپى 300 نى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى قوشۇپ جەملىسەك 906=600+6+300 دېگەن سانغا ئېرىشىمىز: يىغىندى سان 906 كىتابىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى يەنى ھىجرىيە 906 - يىلىنى (مىلادىيە 1500 - يىلىنى) كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئۇيغۇر بەدىئىي پروزىسىنىڭ ناماياندىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ تۈزۈلگەن. نەۋائىي ئەسەرىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ، ھەر خىل كەسىپ ۋە ھۈنەرگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خان، ۋەزىر، قازى، سودىگەر، ئەمەلدار... قاتارلىق ئەزگۈچى تەبىقىلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ پاك ۋە ھالال قان - تەرلىرى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، كىشىلىك تۇرمۇشنى ماددىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتكۈچى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى جەمئىيەت ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان كىشىلەر، دەپ باھالايدۇ.

ئەسەرىنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئەخلاق، تەلىم - تەربىيە مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، شائىر بۇ قىسمىدا ئەدەپ -

ئەخلاق، سېخىيلىق، ساداقەت ۋە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تۈپكى كۆز قاراشلىرىنى، دىداكتىك مەزمۇندىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قىسمى چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە تەمسىل، ماقال، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ قىسىم ئۆزىدە مۇجەسسەملەنگەن كۈچلۈك مەنتىقىيلىككە ئىگە ئەقلىي خۇلاسىلەر ۋە تېرەن مەزمۇنغا ئىگە فىلوسوپىك ئىبارىلەر ئارقىلىق ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى نەۋائىينىڭ ھايات ۋە مەئىشەت توغرىسىدىكى، گۈزەللىك ۋە ۋاپادارلىق ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ بىرىنچى قىسمىنى قىرىق پەسىل (بۆلەك) گە ئاجرىتىپ يازغان. ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا نەۋائىينىڭ ئادالەت توغرىسىدىكى نېگىزلىك قاراشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى نەۋائىي ئەينى دەۋردە ئوردا ئىشلىرىغىمۇ ئىشتىراك قىلغان، خىيانەتچى ئەمەلدارلار ۋە پارىخور نەپسانىيەتچىلەرگە قارشى مەيداندا تۇرغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ يىراقلارغىمۇ پالانغان. قىسقىسى، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن زىددىيەتلىك جەريان داۋامىدا زۇلۇم ۋە كۈلپەتنىڭ مەنبەسىنى بىر قەدەر ئېنىق چۈشىنىپ، خەلق ئەھۋالىنى ياخشىلاشنىڭ قايغۇسىدىمۇ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا ئالدى بىلەن ئادالەتپەرۋەر خان ۋە ئادالەت ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ:

«ئادالەتلىك ۋە ئەقىللىق (بىلىملىك) پادىشاھ... قۇياشتەك يۈزىدىن باھار يامغۇرلىرىنى ياغدۇرۇپ، قارا تۇپراقلاردىن گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ، دۆلەت ئەھلى بېشىغا ئالتۇن ـ گۆھەرلەرنى چاچىدۇ. پۇقرالار ۋە ناتىۋان (ئاجىز) لار ئۇنىڭ دوستلۇقى ۋە

ئەپۇچانلىقىدىن تىنچ - ئامانىدۇر... (يامانلارغا بولغان قاتتىق قوللۇقلۇقى ۋە خەۋپى) سەۋەبىدىن قوي ۋە قوزىلار بۆرە خەۋپىدىن ئامان ياشايدۇ. سىياستىدىن مۇساپىرلار (يول يۈرگەندە) قاراقچى ۋەھىمىسىدىن غەم يېمەيدۇ. ئۇ شەھەر، يېزىلارنىڭ مۇھاپىزەتچىسىدۇر، ئۇنىڭ (بەركاتىدىن) پۇقرالار باغلىرى نىمەتكە مول ۋە ئاۋاتتۇر...» دەپ يازىدۇ ھەمدە ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئەنە شۇ «ئادىل خان» نىڭ پۇقرالار دۇچ كەلگەن قايغۇ - ئەلەملەرنى تۈگىتىشنى تەشنالىق بىلەن ئۈمىد قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق بولسا ئىدى، پۇقرالار ئازابلانمىغان، جەمئىيەتتە تەڭسىزلىك بولمىغان بولاتتى، دەپ قارايدۇ. ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى «ئادىل خاقان» نىڭ تەختكە چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشى ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەينى مەزگىلدىكى جاراھەتلىرىنى داۋالىماقچى بولۇشىنىڭ ئۆزى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلاھاتچىلىقىغا خاس بىر خىل ئىدىيىدۇر. نەۋائىينىڭ بۇ قارىشى ئەينى دەۋردە پۇقرالار مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ۋە ئىلغارلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

نەۋائىي بۇ قىسىمدا يەنە ئادالەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە ئىستىقبالى بىلەن كارى بولمايدىغان زالىم ۋە جاھىل خاقانلارنى، مەككار ۋەزىرلەرنى: «تەڭرى مۇنداق بالالارنى (زالىم خانلارنى) يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرمىسۇن، يوقلۇق زىندانىدىن بارلىق شەھرىستانىغا (دۇنياسىغا) يەتكۈزمىسۇن... بۇلارنىڭ ھەممىسى زەھەرلىك چايانلار بولۇپ، خەلققە كۆپلەپ زىيان يەتكۈزگۈچىلەردۇر. بىمارنى (كېسەلنى) زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگۈچى (قەبىھ) تېۋىپ بۇلارغا نېسىپ بولسۇن!...» دېگەن ئۆتكۈر پىكىرلىرى ئارقىلىق ئادالەتسىز خان، ئەمىرلەردىن نەپرەتلىنىش تۇيغۇسىنى

ئىپادىلەيدۇ. جۈملىدىن، ئوبرازلىق سىلىشتۇرۇش شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، «بىر سۆكەن ئۈزۈم ئۈچۈن پۈتۈن باغنى كۆيدۈرۈشتىن تەپتارتمايدىغان ۋە بىر تاغار بۇغداي ئۈچۈن پۈتۈن بىر خاماننى سورۇۋېتىشتىن يانمايدىغان» نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارنى پۇقرالارنىڭ قان ـ يېشى ھېسابىغا ئۆزىنى بېيىتىشنى كۆزلەيدىغان خۇنخورلار، ئەلگە ئاپەت كەلتۈرگۈچى زىيانلىق ھاشاراتلار، دەپ ھەجۋىي قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى ھېسابلانغان قازى، قۇززات، نۆكەر، ياساۋۇل، چېرىك، مۇدەررىس، مۇپتى... قاتارلىقلارغا ئۆزىنىڭ ئادالەت كۆز قارىشى بويىچە قەتئىي تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى پۇقراپەرۋەر بولۇشقا، پارىخورلۇقتىن ۋە ئەلگە ئازاب سېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ...

دېمەك، ئەسەردىن نەقىل قىلىنغان يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن ئادالەت ھەققىدىكى قاراشلارنى ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ باھالاشقا بولىدۇ.

نەۋائىي ئۆز كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا يەنە 15 ـ پەسىل (بۆلەك) دىن باشلاپ تۈرلۈك كەسىپ ۋە ھۈنەرلەرگە مەنسۇپ بولغان تېۋىپ، شائىر، خۇش نەۋىس (ھۆسنىخەتچى)، مەنسەپدار، ئىمام، مەزىن، ناخشىچى، مۇزىكانت، قىسسىچى، ۋائىز، ئاسترونوم، تىجارەتچى، سودىگەر، بازار كاسىپلىرى، سەنئەت پەرداز ئەھلى، يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋا، قۇشچى، ئوۋچى، مەيپەرەس، دەرۋىش قاتارلىقلار ھەققىدە ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ھەم تۇزىتىشكە تېگىشلىك نۇقسانلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلىرىنى شەرھلەيدۇ.

تېۋىپلار ھەققىدە توختالغىنىدا ئۆز كەسپىگە سادىق، بىلىمى

چوڭقۇر، مۇلايىم ۋە خۇش تەبىئەتلىك تېۋىپلارنى «كېسەللەرنىڭ جېنىغا شىپا بولغۇچىلار، نىجاتلىق ئاتا قىلغۇچى... ئادەملەر» دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

شائىرلار، كاتىپلار، ناخشىچى، سازەندىلەر ھەققىدە توختالغىنىدا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىدە بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئەخلاقىي سۈپەتلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بولۇپمۇ ئېسىل خىسلەتلىك، خۇش تەبىئەتلىك سازەندە ـ ناخشىچىلار توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «خۇش ئاۋاز ناخشىچىلار دەرد ئەھلىنىڭ مۇڭلىرىنى كۆتۈرگۈچىلەردۇر. تەبىئىيلىك ۋە پەم ـ پاراسەت يار بولغان مۇلايىم سازەندە باغرى تاش ئادەملەرنىمۇ ئۆزىگە زار (ھېرىس) قىلالايدۇ...»

نەۋائىي ۋائىزلار (ناتىقلار ـ نەسىھەتچىلەر) ۋە سودىگەرلەر ھەققىدە توختالغاندا خەلقتىن ئىنساپ ۋە ئەدەپ تەلەپ قىلىپ ئۆزى رىئايە قىلمايدىغان، تىلى قايماق، دىلى مايماق ئىككى يۈزلىمىچى ۋائىزلارنى ئۆتكۈر پىكىرلىرى ئارقىلىق قامچىلايدۇ، بۇ خىل ئادەملەرنى «ئۆزى بىلمىگەن (مېڭىپ باقمىغان) يولغا ئەلنى دەۋەت قىلغۇچىلار، مۇساپىرلارنى يولدىن چىقارغۇچىلار، ئۆزى بىخۇدلۇق پاتقىقىغا پاتقان تۇرۇقلۇق ئەلدىن ھوشيارلىق تەلەپ قىلغۇچىلار، ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرمەي تۇرۇپ، ئەلنى بىدارلىققا ئۈندىگۈچىلەر» دەپ ئەيىبلەپ، بۇ خىلدىكى ئۆزى سۆزلىگەن ياخشى ئەمەللەرگە ئۆزى رىئايە قىلمىغۇچىلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرى ھېچكىمگە تەسىر قىلمايدۇ ۋە پايدا يەتكۈزمەيدۇ، دېگەن خۇلاسىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

سودا ـ تىجارەتتە ئادىل بولمىغان سودىگەرلەرنى «بىرىنى يۈز قىلىش ۋە بوزنى كىتانغا (يىپەككە) ئايلاندۇرۇش سەۋداسىدا ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگۈچىلەر» ھېسابلىنىدۇ.

نەۋائىي بۇ قىسمىدا دېھقانلار توغرۇلۇق توختالغىنىدا،

ئۇلارنى قىزغىن مۇھەببەت ۋە سەمىمىي ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھېسسىياتى ۋە ئىجتىمائىي قارىشى بويىچە، تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، تۇرمۇشنى پاراۋانلاشتۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق بىلەن مېھنەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن توغرا ۋە ھەققانىي باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللاردىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن:

«دېھقان يەر ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق چېچىش ئارقىلىق تەمىنات يولىنى ئاچقۇچىدۇر... دۇنيانىڭ ئاۋات، خەلقنىڭ شاد بولۇشى ئۇلارغا باغلىق، (ئۇلار) قانداقلىكى ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولمىسۇن، ئەلگە بەخت ۋە بەرىكەت يەتكۈزىدۇ.. چاچقان ئۇرۇقلىرىنى ئۇندۇرۇپ كۆكەرتىپ، ئورۇپ خامان قىلغۇچە قۇرت ـ قۇشلار ئۇنىڭدىن بەھرە ئالىدۇ، دەشت ـ چۆللەردىكى ياۋايى ھايۋانلارمۇ (دېھقانلارنىڭ ئەمگىكىدىن نەپ ئېلىپ) خۇشال بولۇشىدۇ. چۇمۇلىلەر ئۆيىمۇ ئۇنىڭ ئەمگىكىدىن ئوزۇققا تولىدۇ. ئەمالار ئۇلاردىن خاتىرجەم، كەپتەرلەر (دېھقانلار تېرىغان ئۇرۇقلارنى يەپ) خۇشاللىقىدىن مەست بولۇشىدۇ، تورغايلار شادلىق ۋە ياردەمنى ئۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن تاپىدۇ، گادايلار (ئۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن) توقلۇققا يېتىشىدۇ. بەگ، ئەمەلدارلار ئېرىشكەن پاراۋانلىقلارمۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن كېلىدۇ. مۇساپىرلارغا ئۇلار تائام يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مۇجاۋۇرلارنىڭ مۇرادىمۇ ئۇلاردىن ھاسىل بولىدۇ. پۇقرالارنىڭ رىزقى ئۇلار بىلەن مول، (ئۇلارنىڭ ئەجرى) غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ ئامەتلىك بولۇشىغىمۇ كۇپايىدۇر...»

بۇ نەقىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نەۋائىي ئەينى دەۋرنىڭ تەرەققىپەرۋەر كىشىسى سۈپىتىدە

جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقنى ياراتقۇچى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتلىقتا تۇتقان مۇھىم ئورنىنى تونۇپ يېتەلىگەن ۋە دەل جايىدا مۇۋاپىق باھالىيالىغان.

نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ بۇ قىسمىدا يۇقىرىدا شەرھلەنگەن ئاساسلىق قاراشلىرىدىن باشقا، يەنە ئەينى جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولىۋاتقان ئەھلى خارابەتلەرنى (ھاراقكەشلەرنى)، ھۇرۇن، ئىش ياقماس نان قېپى بىھايالارنى، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى زەرەرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان جاھالەتپەرەسلەرنى ھەم دېگىنىگە ئەمەل قىلمايدىغان ساختىپەز ماشايىقلارنى خەنجەردەك ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق كېلىشتۈرۈپ قامچىلاپ، ئۇلاردىن ئۇزۇل - كېسىل يىرگىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ ئىككىنچى قىسمى ئون بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يېزىلىش ئۇسلۇبىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭدا مۇلاھىزە، ھېكايەت ۋە پوئېزىيە ئامىللىرى ئارىلاش قوللىنىلغان. نەۋائىي ئوز كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا ئاساسلىقى قانائەت، سەۋر - تاقەت، ئەپۇچانلىق، مۇلايىملىق، سېخىيلىق، رىزا... غا ئوخشاش ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولغان مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەسىرلىك مۇلاھىزە، گۈزەل لىرىكا ۋە ئەھمىيەتلىك ھېكايىلەر بىلەن ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ، بولۇپمۇ قانائەت ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىدە تۇرمۇش ۋە مەئىشەتتە قانائەتچان كەلگەن كىشىلەر گۈزەل خۇيلۇق، ئەخلاقلىق، بىلىملىك كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. كىشىلەرنى تۇرمۇش ۋە مەئىشەتتە قانائەتچان بولۇشقا، تەمەخورلۇق ۋە ئاچ كۆزلۈك ئىللەتلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ قانائەت توغرىسىدا ئېيتقان مۇنۇ

پىكىرلىرىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىش مۇمكىن:
«قانائەت سۈپسۈزۈك بۇلاققا ئوخشايدۇكى، سۈيىنى قانچە كۆپ ئالغان بىلەن قۇرۇپ قالمايدۇ. گۆھەر خەزىنىسىگە ئوخشايدۇكى، قانچە قازغان بىلەنمۇ ئۆكسۈمەيدۇ. كۆڭۈللەر ئۇنىڭدىن خۇشاللىق ۋە پايدا تاپىدۇ، ئىنساننىڭ كۆزى ئۇنىڭدىن (مەنىۋى) يورۇقلۇققا ئېرىشىدۇ... (كىشىلەردىن) ئالمىغان ئەمما بەرگەن ئادەمنى پادىشاھقا نىسبەت قىلسا بولىدۇ. (ئۆزى ئەمگەك قىلماي) ئۇرۇق چاچماي ھوسۇل يىغقۇچىنى گاداي دېسە بولىدۇ... قانائەت مەزمۇت قورغانغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭغا كىرىۋالساڭ (ئاچ كۆزلۈك) شەھىرىدىن قۇتۇلىسەن. تاغقا ئوخشايدۇكى، ئۇستىگە چىقىۋالساڭ دوست ـ دۈشمەنلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىدىن ئادا بولىسەن...»
قانائەتنى يۇقىرىقىدەك مۆتىۋەر ۋە ئەزىز بىلگەن نەۋائىي ئۇنىڭ قارشىسى بولغان تەمەخورلۇقنى ۋە رىزالەتنى خارلىقنىڭ مەنبەسى، ئىنتايىن يارىماس ئىللەت دەپ قاراپ، ئۇنى:
«كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەمەخورلۇق ۋە رىزالەت مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنداق كىشى خەلقتىن ئايرىلىپ قوغلاندى بولىدۇ، ناكەسلىك ۋە سىتەمكارلىق (شۇ خىلدىكى كىشىلەردىن) يامراپ كېتىدۇ. ئادەمگەرچىلىككە، ئىنسانىيەتكە ئۇنىڭدىن زاۋاللىق مەلۇم بولىدۇ، ئۇنىڭ (تەمەنىڭ) ئوتى نومۇس ۋە ھايا ئۆيىنى كۆيدۈرگۈچىدۇر. شاملى ئىززەت خامىنىنى سورۇپ ۋەيران قىلغۇچى ۋە ئەقىل شامىنى ئۆچۈرگۈچىدۇر. تەمەخورلۇققا ئىنئام قىلماق قاراپ تۇرۇپ يامانلىققا يەم بولغانغا ئوخشايدۇ. تەمەخورلۇقتىن ئىنئام كۈتكۈچىلەر پەس ئادەملەر ھېسابلانسا، يامانلىقنى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچىلەر تۆت ئاياغلىق ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ» دېگەن مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق كەسكىن رەت قىلىدۇ.
نەۋائىي سەۋر ۋە تەۋاززۇ (كەمتەرلىك) ھەققىدە توختالغىنىدا،

سەۋرچان بولۇشنى «نەپسانىيەتتىن خالاس قىلغۇچى ئامىل» دەپ قارايدۇ. نەۋائىينىڭ مۇلاھىزىسىچە، «سەۋر گويا ئاستا يۇرگۈچى ئاتقا ئوخشايدۇكى، ئۇ كىشىنى كۆزلىگەن مەنزىلگە جەزمەن يەتكۈزىدۇ. كىيسەلنى ناھايىتى ئاستا داۋالىغان تەجرىبىلىك تېۋىپقا ئوخشايدۇكى، ئاخىردا بىمارنى جەزمەن ساقايتالايدۇ. دەسلەپتە كىشىگە جۇدالىق زۇلمىتىدەك ئۇزۇن ۋە قاراڭغۇ بىلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرى كۈلۈپ تۇرغان سەھەرگە ئوخشايدۇ.» شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ سەۋر ھەققىدىكى يۇقىرىقى مۇلاھىزىسىنى لىرىك ئۇسۇلدا مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ:

«كىمكى بىر مۇشكۇل ئەھۋال ئاستىدا سەۋرچان ۋە تەمكىن بولسا، ئۇنىڭ قايغۇسى راھەتكە، (يولىغا پۇتلاشقان) تىكەن گۈلگە ئايلىنىپ بەختى ئېچىلىدۇ.»

تەۋازۇنى بولسا خەلقنىڭ مۇھەببىتى ۋە مەرھەمىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئاچقۇچى، دەپ بىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ:

«كەمتەرلىك دوستلۇق گۈلشىنىدە كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇچى گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ، دوستلۇق ۋە ئۈلپەتلىك بەزمىسىگە ئاشۇ گۈلشەندىن تۈرلۈك گۈللەرنى چاچىدۇ... تەكەببۇر دۈشمەنلەرنىمۇ ئۇيىتىشقا (نومۇس قىلىشقا) مەجبۇر قىلىدۇ... ئەدەپ كىچىكلەرنى چوڭلارنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مېھرىنى چوڭلارنىڭ كۆڭلىگە سالىدۇ... ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك دوستلۇقنىڭ كۆزىگە ئىككى تەرەپتىن يورۇقلۇق ۋە جۇلا يەتكۈزگۈچىدۇر» دەيدۇ ۋە بۇ مۇلاھىزىسىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن ئەسەردە تۆۋەندىكى ھېكايەتنى مىسال كەلتۈرىدۇ:

«خەۋەر كەلتۈرگۈچىلەر ۋە سىرلاردىن بېشارەت بەرگۈچىلەر

مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: سۇرەن ـ چۇقانلىق ئوۋ مەيدانىدا ئات چاپتۇرۇپ قوغلاش ۋە ئوق ئۈزۈش ئارىلىقىدا خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ قۇتلۇق تاجىدىن يالتىراق گۆھىرى ۋە شاھانە مارجىنى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ قالدى. ھەممە كىشى ئوۋغا قىزغىن مەشغۇل بولغاچقا، بۇ ئىشتىن ھېچكىمگە خەۋەر بولمىدى. ئوۋ ئاخىرلىشىپ ھەممەيلەن شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىشتى. شۇ ھامان تەرەپ ـ تەرەپكە كىشى ئەۋەتىپ، كەم ئۇچرايدىغان بۇ گۆھەرنى ئىزدەشكە كىرىشتى. چۈنكى، بۇ گۆھەر شاھانە تاجنىڭ زىننىتى ئىدى. شۇڭا، ئۇنى تېپىۋالغۇچىلارغا نۇرغۇن پۇل ـ مال سۆيۈنچە بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەر قىلىشتى، خەلقلەر گۆھەر يوقالغان شۇ باياۋاندا جىددىي ئىزدەشكە مەشغۇل ئىدى. گۆھەر تېپىلغاندىن كېيىن كېلىدىغان سۆيۈنچە توغرىسىدا سۆزلەشتى. بۇ چاغدا ئىككى ھەمراھ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بىرى غاپىل ئىدى، يەنە بىرى ئاگاھ. غاپىل جاھىللىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنىلا بىلىدىغان ھاماقەت ئىدى، ئاگاھ بولسا كەمتەرلىكى ۋە ئەدەپلىكى يۈزىدىن ئوچۇق ـ يورۇق ئىدى. بىرىنىڭ ئىسمى مۇدبىر جاھانگەرد، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مۇقبىل جۇۋانمەرد ئىدى. ئىككىسى شەھەرگە بېرىشنى نىيەت قىلىپ، دەشت ـ چۆللەرنى كېزىپ تېز ـ تېز كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئوتتۇرا يولدا گۆھەرنى ئىزدەپ چىققان كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ، خەلقنى باشلاپ چىققان كىشىگە يولۇقۇشتى. مۇدبىر تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتى. مۇقبىل جۇۋانمەرد بولسا ئادەمگەرچىلىك يولىنى ئۆز نەزىرىدە ھەممىدىن ئىلگىرى تۇتتى. ئۇ كىشىلەرگە ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك بىلەن تەزىم قىلدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ كۆزى ئايىغى ئاستىدا (تۇپىغا ئارىلىشىپ) تۇرغان گۆھەرگە چۈشتى. قولىنى

ئۆزىتىپ ئۇنى (گۆھەرنى) ئىزلەپ چىققانلارغا بەردى. مۇقبىل بۇ ئىشى بىلەن ۋەدە قىلىنغان سۆيۈنچىنى ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ۋەكىل ئىدى، شۇڭا كىشىلەر مۇقبىلنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە قايتىشتى ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى خۇسرەۋ پەرۋىزگە بايان قىلدى. خۇسرەۋ خۇشال ۋە رازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇقبىلنىڭ ئۆزرىسىنى رەت قىلىپ، ئۇنى ۋەدە قىلغىنىدىنمۇ ئارتۇق تارتۇق بىلەن مۇكاپاتلىدى. مۇدبىر تەكەببۇرلۇقى نەتىجىسىدىن شەھەردىكى ئاشپۇزۇللارنىڭ ئوچاقلىرى ئالدىدا جاي تۇتۇپ ياتتى. مۇقبىل كەمتەرلىكى ۋە ئەدەپلىكلىكى خاسىيىتىدىن مەقسەت گۆھىرىگە ئېرىشىپ شاھ گۈلشىنىدە ئارام تاپتى.

خۇلاسىلىغاندا، نەۋائىينىڭ سەۋر، تەۋاززۇ ۋە ئەدەپ توغرىسىدا يازغان يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرى ۋە ھېكايىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى تەرەققىيپەرۋەر تەشەببۇسلار جۇلالاپ تۇرىدۇ.

نەۋائىي «مەقبۇبۇل قۇلۇب»نىڭ بۇ قىسمىدا يۇقىرىقى تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن باشقا رىزا ۋە ئىشق (پاك مۇھەببەت) ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ. نەۋائىينىڭ قارىشىچە رىزا دوستلارنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جانپىدا قىلىش دېمەكتۇر. ساپ ۋە ھەقىقىي دوستلۇق ئۈچۈن پىداكار بولۇش ۋە بۇ مەقسەت يولىدا ھېچنەرسىسىنى ئايىماسلىق بۈيۈك پەزىلەتلەر جۈملىسىدىندۇر. ئىشق (ئاشىقلىق) بولسا «پاك كۆزنى پاك نەزەر بىلەن پاك يۈزگە سالماقتۇر»، يەنى نومۇس ۋە ھايانى ئۆزگە دائىم ھەمراھ تۇتۇپ، ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق بولۇش دېمەكتۇر!

نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا مۇلايىم تەبىئەتنىڭ ياخشى نەتىجىسى ۋە يامان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا، ئىلىم - بىلىم ئىگىلەش، ئادىل، ئاق كۆڭۈل، قەتئىي ئىرادىلىك، سېخىي، رەھىمدىل، ۋاپادار، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئەپۇچان، تەمكىن، نومۇسچان بولۇش ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. تەكەببۇرلۇق، ھەسەت، بېخىللىق، سۇخەنچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك، غەيۋەتخورلۇق، بىھايالىق، تاش يۈرەكلىك، نادانلىق، جاھىللىق... قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى نەپرەت بىلەن ئەيىبلەيدۇ.

نەۋائىي ئىلىم - بىلىم ئىگىلەشنى خاسىيەتلىك ئۇلۇغ ئىش دەپ تونۇپ، كىشىلەرنى مەرىپەتنى سۆيۈشكە، نادانلىق ھەم جاھىللىقنىڭ قۇلى بولماسلىققا ئۈندەيدۇ ھەم بىلىملىك بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇسۇلى ھەققىدە:

«ئەر كىشىنىڭ گۈزەللىكى ۋە زىننىتى ھېكمەت ۋە بىلىمدۇر... بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن (كىشى) ئالىم بولىدۇ. نومۇس قىلىپ (تارتىنىپ) سورىمىغان (كىشى) ئۆز زىنگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر. تامچە - تامچە سۇ يىغىلىپ دەريا بولغاندەك ئاز - ئازدىن (ئۈزمەي) ئۆگىنىش ئارقىلىق دانا بولغىلى بولىدۇ. ھىيلە ۋە باھانە بىلەن ئۆگىنىپ،بىلىم ئېلىشتىن ئۆزىنى چەتكە تارتقۇچى كىشى نادانىدۇر. جاپا چېكىپ ئىلىم - بىلىم ئىگىلىگەن كىشى ئەقىللىق ئادەمدۇر...» دەپ يازىدۇ.

ئۆگەنگەننىنى ئىشلەتمىگەن ۋە بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلمىغان كىشىلەرنى مۇنداق ئەيىبلەيدۇ:

«بىلىم ئېلىپ، ئىشلەتمىگەنلەر، ئورەك كولاپ ئۇرۇق سالمىغان (كۆچەت تىكمىگەن) كىشىگە ياكى ئۇرۇق چېچىپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتىدىن بەھرە ئالالمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ».

نەۋائىي ئىلىم ـ بىلىم ئېلىش توغرۇلۇق يۇقىرىقىدەك مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىن كېيىن، پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ بىلىملىك بولۇشتىن مەھرۇم قالغان نادانلارنى، بىلىم ۋە ھۈنەرنى پايدىسىز دەپ ھېسابلىغۇچى قارا كۆڭۈل جاھىللارنى، مال ـ دۇنيا توپلاش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە كۆڭۈل بۆلمىگەن بەغەرەز ئەخمەقلەرنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلايدۇ:

«نادان مال ـ دۇنيا ئىگىسى خۇددى (قاناتلىرىغا) ئالتۇن يالىتىپ قويغان چىۋىننى يېگۈچى كىشىگە ئوخشايدۇ. پاسىق (نومۇسسىز) لاردىن ھايا تىلىمە، زالىملاردىن ۋاپا تىلىمە، نادان ئېشەك، بەلكى ئېشەكتىنمۇ تۆۋەنرەك. (چۈنكى)ئېشەككە نېمىنى يۈكلىسەڭ كۆتۈرىدۇ، قايانغا ھەيدىسەڭ شۇ يانغا بارىدۇ، ئەمما ئەقىل ـ پاراسەتتىن نېسىۋە تەلەپ قىلمايدىغان نادانلار بەرمىسەڭ ئاچ يۈرۈيدۇ، بەرسەڭ قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىدۇ...

(ئۇلارنىڭ) ئىشى مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقتىن ئىبارەت، يۈزلىگەن بۇزۇق تەسەۋۋۇرلار ئۇلارنىڭ خىيالىغا ئورنىشىۋالغان... پاسىق (بۇزۇق) ئادەم بىلىملىك ئالىم بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ يەنىلا (ئۆز پېئىلى بىلەن) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر. بېخىل كىشى غېنى (باي) بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ بېخىل ھەم نادانلىقىغا تارتىدۇ. بۇ ئىككى خىل كىشى ئۆز ئۆمرىنى زايە كەتكۈزگۈچىلەر ۋە ئۆز گۆرىگە ھەسرەت، ئارمانلىرىنى ئېلىپ كەتكۈچىلەردۇر. (سەۋەب:) ئۇلارنىڭ بىرسى، ئىلىم ئۆگىنىش يولىدا مۇشەققەتلەرنى چەكتى، ئەمما ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلمىدى. يەنە بىرى، مال ـ مۈلۈك يىغىش ئۈچۈن كۆپلىگەن جاپالارنى باشتىن كەچۈردى، ئەمما سەرپ قىلمىدىغان يېرىنى تېپىپ سەرپ قىلىشنى بىلمىدى...»

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ

«قۇتادغۇبىلىك» ناملىق مەشھۇر داستانىدا تىلنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى بولغان تىلنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى يۈكسەك رولىنى قايىل قىلارلىق ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن بولسا، ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب»نىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، «ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغۇچى تىل»نىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنىنى مۇناسىپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى مۇھىم ئاساس بولغان تىل ـ نۇتۇقنىڭ توغرا ئۆلچىمى ۋە مىزانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن:

«تىل پاساھەتلىك، دىلنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان بولۇشى، خوپراق بولۇشى لازىم. كۆڭۈل بىلەن بىردەك بولغان تىل ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەزا بولۇپ ھېسابلىنىدۇكى، خۇددى سەۋسەن بىلەن غۇنچە بوستاندا مەرغۇپ چېچەك بولغانغا ئوخشاش. ئادەم تىل ئارقىلىق ھايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ھەمدە ئاشۇ تىل بىلەن ئىنسانلىق پېتىنى زاھىر قىلىدۇ». «تىل نۇتۇقنى شەرھلەشتىكى مۇھىم ئەزادۇر. ئەگەر ئۇنىڭدىن ناپەسەند ئەھۋاللار ۋۇجۇدقا كېلىدىكەن، ئىنسان بېشىغا ئاپەت يەتكۈزىدۇ... شېرىن (مۇلايىم) تىل ساپ كۆڭۈللەرگە ھوزۇر بەخش ئەتكۈچى نېمەتكە ئوخشايدۇ. مىجەز، كەيپىياتى مۇلايىم، ئوچۇق كۆڭۈل ئادەملەر تەبىئىي ھالۋىدۇر (كىشىلەرگە شېرىن نېمەت تەقدىم قىلغۇچىدۇر.)». «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىل بولسا، ئۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ تىل دەپ بىل...»، «راست گەپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولسا، ياخشى سۆز قىسقا،

ئىخچام بولىدۇ ...»، «تىلىڭنى ئۆز ئىختىيارىڭدا ئاسرا ۋە سۆزۈڭنى ئېيتماي قويما. ئېيتىش بىھاجەت بولغان سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرما. شۇنداق (يامان) سۆزمۇ باركى، ئېيتقان كىشىنىڭ بېشىنى شامالدا ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، سەن (جەزمەن) تىلىڭ بىلەن كۆڭلۈڭنى بىر تۇتۇشۇڭ ۋە (باشقىلارنىڭ) چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ئېيتقان سۆزلىرىگە ئىشىنىشىڭ كېرەك. سۆزنى تازا ئويلاپ كۆڭۈلدە پىشۇرمىغۇچە تىلىڭغا كەلتۈرمە، كۆڭۈلدە نېمە بولسا ھەممىسىنى سۆزلەپ يۈرمە. تىلنى ئاسراشنى مۇشەققەت ھېسابلاپ، بىھۇدە سۆزلەۋېرىشتىن كىشى بېشىغا ئاپەت يۈزلىنىدۇ. ئېيتىش باب كەلگەن سورۇندا كۆڭۈلدىكىنى قالدۇرماي سۆزلە، (لېكىن) ناباب سورۇنلاردا ئۆزۈڭنى دۇنيادا بىردىنبىر ناتىق ھېسابلاپ ۋالاقلاۋەرمە. ئېيتىشقا تېگىشلىك سۆزلەرنى ئېيتىۋەر، ئەمما ئېيتماسلىققا تېگىشلىك سۆزلەرنى ئەسلا ئاغزىڭغا ئالما...».

كىتابنىڭ بۇ قىسمىدىن كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىقى نەقىللەر ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، نەۋائىي «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى ۋە ئاچقۇچى» بولغان تىل ھەققىدە يۈرگۈزگەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئارقىلىق گۈزەل بىر ئەخلاقىي سۈپەتنى، يەنى ئېسىل پەزىلەتنىڭ باشلىنىشى تىلدۇر، دېگەن ھەقىقەتنى ئېنىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ مەزمۇننى ئۇنىڭ تىلنى يىغماسلىقتىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى كۆرسەتكەن تۆۋەندىكى سۆزلىرىدىن تېخىمۇ ئوچۇق چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن:

«ئاچچىق (يامان) تىل زەھەر بىلەن سۇغىرىلغان نەشتەرگە ئوخشايدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىقلىقىدىن (يامانلىقىدىن) كۆڭۈللەرنى جاراھەت قىلىدۇ، (سۆز) نەيزىسى بىلەن جاراھەتلەنگەن كۆڭۈلگە ھېچنەرسە شىپا بولالمايدۇ. مۇلايىم تىل

زەھەرلىك (ئاچچىق) تىلغا ئايلىنىدىكەن، كۆپچىلىككە زەرەر يەتكۈزىدۇ»، «قالايمىقان سۆزلىگۈچى ئۆزىنى پۇشايمانغا تاشلىغۇچىدۇر».

نەۋائىي كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا تىل توغرىسىدىكى باياناتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋېتىپ، ئۆتكۈر مۇلاھىزە نەيزىسى بىلەن يالغانچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، سۇخەنچىلىك ئىللەتلىرىنىڭ قارا پەردىسىنى يىرتىپ تاشلايدۇ ۋە بۇ خىل ئىللەتلەرگە دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئوبرازىنى مۇنداق سىزىپ بېرىدۇ:

«كىمكى يالغان سۆزلەيدىكەن، يالغانچىلىقى ئاشكارا بولغاندا بەربىر ئۇيياتقا قالىدۇ. يالغان گەپنى راست گەپ سۈپىتىدە ئېيتقۇچى مەمەدانلار كۈمۈشنى ئالتۇن بىلەن پەردازلىغۇچى زەرگەرگە ئوخشايدۇ»، «سۆزنى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يەتكۈزگۈچى كىشى خەقنىڭ گۇناھ كەبىرە قىلىشىغا سەۋەبكار بولغۇچىدۇر. گەپ توشۇغۇچىلارنىڭ مەيلى چوڭى ياكى كىچىكى بولسۇن ھەممىسى دوزاخقا تۇتۇرۇق بولغۇچىلاردۇر.»، «ھەرقانداق كىشىنىڭ سۆزى چىن بولمايدىكەن، راستچىل ئادەملەر ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ، يالغانچىلار ئۆز سۆزىنى بىر، ئىككى نۆۋەت ئاقتۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدۇ؟ تەھقىقكى، يالغانچىلىقى ئاشكارا بولۇپ، جەزمەن رەسۋا بولىدۇ، ئەل ئىچىدە سۆزىنىڭ ئېتىبارى بولمايدۇ»، «يالغانچىلارنىڭ سۆزى قانچىكى پەسىھ (گۈزەل) بولمىسۇن، بەربىر قەبىھ تەلەپپۇزىدۇر»، «ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى»، «كۆپ يېگۈچى ۋە كۆپ سۆزلىگۈچىلەر دوزاختىن جاي تۇتقۇچىلاردۇر». «قورساق مەرىزىنىڭ چىشىسى كۆپ يېمەكتۇر، قەلب مەرىزىنىڭ چىشىسى كۆپ دېمەكتۇر.»،



www.uyghurkitap.com

«يالغانچىلار ئادەم ئەمەستۇر، يالغان ئېيتىش ئېرەنلەرگە (ياخشىلارغا) خاس ئىش ئەمەستۇر»، «يالغان سۆز ئۇنى ئېيتقۇچى كىشىنى (ئەل ئارىسىدا) ئېتىبارسىز قىلىدۇ.»، «يالغان سۆزگە راست گەپنى قوشۇپ ئېيتقۇچى كىشى سىيمەننى (كۈمۈش ياكى گۆھەرنى) نىجاسەتكە تاشلىغۇچىدۇر.»

نەۋائىينىڭ قارىشىچە، گەپنى ئاز قىلىش، ئاغزىغا كەلگەننى ئېيتىۋەرمەسلىك، راست گەپنى ساختىپەزلىك گىرىملىرى بىلەن پەردازلىماي ئۇدۇلىسىغا، ئىخچام ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇلۇغ پەزىلەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ھەقتە: «ئاز سۆزلىمەك ھېكمەتنىڭ، ئاز يېمەك سالامەتلىكنىڭ (مۇھىم) سەۋەبلىرىدۇر، نادانغا ئوخشاش كۆپ سۆزلەشتىن ۋە ھايۋانغا ئوخشاش كۆپ يېيىشتىن ساقلان. ئاز سۆزلىگەن (سۆزنى ئىخچام، جايىدا قىلغان) كىشى يېڭىلمەيدۇ، ئاز يېگەن كىشى ئاسان يىقىلمايدۇ» دەپ يازىدۇ. تىل - نۇتۇقنىڭ ئارتۇقچە رەڭ - بوياقلاردىن، غەلىتە ياسالما شەكىللەردىن خالىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، گەرچە ئېچىلغان گۈلنىڭ لىباسى (پورەكلىرى) يىرتىق كۆرۈنگەندەك بىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قىلچە زىيان يەتكۈزۈلمەيدۇ. دۇررى مارجان شەكلى سەت سەدەپ (قاپ) ئىچىدە ساقلانسىمۇ، ئۇنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. سۆز - نۇتۇقنى ئېنىق، تەبىئىي، ئۇدۇلىسىغا بايان قىلىش كېرەككى، ياسالما شەكىللەر بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىك لازىم، دېگەن ئىجتىمائىي قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

نەۋائىي ئاجىزلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە مۇلايىم، ئوچۇق كۆڭۈل بولۇش، ياخشىلىق ۋە ھىممەتنى كىشىلەردىن ئايىماسلىق، گېپى كەلسە ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ۋە خىزمىتى ئۈچۈن جاننى پىدا قىلىش، ۋاپادار

www.uyghurkitap.com

بولۇش... قاتارلىق گۈزەل پەزىلەتلەرنى «ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ھەر كۆچۈلگە شادلىق ۋە لەززەت بېغىشلىغۇچى شېرىن مېۋىسىدۇر» دەپ ھېسابلايدۇ. ساخاۋەت ۋە سېخىيلىق توغرۇلۇق توختالغىنىدا:

«ساخاۋەت (مەردلىك) ئىنسانىيەت بېغىنىڭ دەرەخلىرىگە، بەلكى ئاشۇ دەرەخنىڭ شېرىن مېۋىسىگە ئوخشايدۇ؛ ساخاۋەت ئادىمىيەت دىيارىنىڭ دولقۇنلۇق دەرياسىغا، بەلكى ئاشۇ دولقۇنلۇق دەريادا ياتقان ئۈنچە ـ گۆھەرگە ئوخشايدۇ؛ ساخاۋەت ئىنسانغا بەدەن بولسا، ھىممەت ئاشۇ بەدەننىڭ جېنىدۇر».

«تائامىلىرىم زايە بولمىسۇن دېسەڭ يېدۇر، كىيىملىرىم كونىرىمىسۇن دېسەڭ كىيدۇر»، «كىمكى ياخشىلارنىڭ خىزمىتىگە ئۆمرىنى پىدا قىلىدىكەن، ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مەڭگۈلۈك (مەنىۋى) ئۆمۈرگە ئېرىشىدۇ، بۇ نىيەتنى ئۆزۈڭدىن يىراق تۇتما، بېشىڭ كەتسىمۇ ئاشۇ مۇددىئانى ئۇنۇتما.»

«توقلۇق ھەرسىنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆزۈڭ ئاچ قالساڭمۇ بىر ئاچنى تويغۇر، ئۆزۈڭنى چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئىنتىلىش خىيالىدىن يىراق تۇت، كىيىم ھەر قانچە گۈزەل بولغان ھالەتتىمۇ ئۆزۈڭ كىيگەننى باشقىلارغا كىيدۈرمىگىنىڭ ئەڭ ئەۋزەلدۇر.» دېگەنگە ئوخشاش چوڭقۇر، پاساھەتلىك مۇلاھىزىلەرنى يازىدۇ.

ياخشىلىق، ۋاپادارلىق ۋە مۇلايىملىق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«كەڭ قورساقلىق (كەرەم) — بىر مۇشكۈل ئىشقا دۇچ كەلگۈچىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئاشۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزماق، يەنى باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن جاپانىڭ خارلىقىنى ئۆزىگە تارتماق ۋە ئاشۇ قىلغانلىرىنى تىلغىمۇ

ئالماسلىق ھەمدە كىشىلەرنىڭ يۈزىگە سالماسلىق دېمەكتۇر»، «ۋاپا يېنىپ تۇرغان شامغا ئوخشايدۇكى، ئۇ قارا كۆڭۈللەرنى ئەسلا يورۇتمايدۇ، زامان ئەھلى ئىچىدىكى ۋاپاسىزلار بىلەن ئەسلا سىغىشالمايدۇ، نەرگىس گۈلىگە ئوخشايدۇكى، دەۋران چىمەنلىرىگە كۆز سالمايدۇ»، «كەڭ قورساقلىق ۋە ياخشىلىق ئاتابىلەن ئانا بولسا، ۋاپا بىلەن ھايا قوشكېزەك پەرزەنتلەردۇر»، «قايسى كۆڭۈلدە ۋاپا مىسكىن بولسا، ھايامۇ مىسكىن بولىدۇ، قايسى مىسكىننىڭ قەلبىدىن ھايا تېپىلىدىكەن، ۋاپامۇ ھەم تېپىلىدۇ»، «مۇلايىملىقنى (ھەلىمنى) ھادىساتلار دەرياسىدا كېتىۋاتقان كىشىلىك كېمىسىنىڭ لەڭگىرى دېيىشكە ھەم ئىنسانلىق تارازىسىنىڭ ئۆلچەم تېشى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئەخلاق — ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەت باھالىق كىيىمىدۇركى... ئۇ (ئادەم نەسلىنى) مۇخالىپەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك بورانلىرىنىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلىغۇچى ۋە مۇناپىق، بۇزۇق ھەۋەسلەر پىتنىسى قارا قۇيۇنلىرىنىڭ سورۇۋېتىشىدىن ئاسرىغۇچىدۇر.»

نەۋائىي يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى خۇش خۇلقلىق، ۋاپادار، مۇلايىم، ئېغىر - بېسىق، مېھىر - شەپقەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىقنى ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئاق كۆڭۈل ئىنسانلاردىن ئەسلا يىراق تۇتماسلىق كېرەك. ئەمما، يامان ئادەملەرگە، زالىملارغا ياخشىلىق، ۋاپادارلىق ئىزھار قىلىشقا ئەسلا بولمايدۇ، چۈنكى «يامانلارغا كەڭ قورساقلىق قىلىش ۋە ئاتىدارچىلىق يەتكۈزۈشنىڭ ئۆزى ياخشىلارغا زىيان ۋە ئەلەم يەتكۈزۈشتۇر. ئۇ خۇددى مۈشۈكنىڭ رايىغا بېرىپ، كەپتەرلەرگە ئاپەت كەلتۈرگەنلىككە ئوخشايدۇ» دەپ يازىدۇ. جۈملىدىن ياخشىلىق ۋە ھىممەت قىلىشتا قولى قىسقا

كەلگەن كىشى يامانلىق قىلىشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىسۇن، يامانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەردۇر، دېگەن قارىشىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسە، ئەسلا يامانلىق قىلغۇچى بولما، ياخشىلىق قىلىشنى يامانلىق قىلىشتىن ياخشىراق بىلمىسەڭ، ئەسلا يامان دەپ بىلمە، ياخشىلىقنى بىلسەڭ (ھېچبولمىغاندا) ياخشىلارغا بېرىپ بولسىمۇ قوشۇل» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ بۇ قىسمىدا يەنە چوڭقۇر ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقال - تەمسىللەرنى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھايات تەجرىبىلىرىنى، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى يەكۈنلەيدۇ. بۇ ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ مەنتىقىلىكى كۈچلۈك، قۇرۇلمىسى چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتتەك ئىخچام ۋە زىچ، دەلىللىكى يۇقىرى بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ۋە يۈكسەك بەدىئىي زوققا ئىگە قىلىدۇ.

بۇ قاراشنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئەسەرنىڭ مەزكۇر قىسمىدىن تاللاپ ئېلىنغان تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى مىسال كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە:

«بېخىل يىغقان ماللىرىنى ئاسراش قايغۇسىدا قاتتىق مۇشەققەت چەكسە، ھەسەتخور ئۆز پېئىلى ۋە دىيانىتىدىن زەھەر يۇتىدۇ».

«تەمەخورلۇق خارلىققا دەلىلدۇر، تەمەخورلۇقنى كەسىپ قىلغان زەردار ئۆمرىنى خارلىق ۋە مۇشەققەتتە ئۆتكۈزگۈچىدۇر».

«خارلىقنىڭ باشلىنىشى تەمەخورلۇق دەپ بىل، قانائەتچانلارنى ئەزىز ۋە مەرتىۋىلىكلەردۇر، دەپ بىل».

«ئىشتا ئالدىراقسانلار كۆپ تېپىلغۇچىلاردۇر. كۆپ تېپىلغانلارنىڭ ھەممىسى كۆپ يىقىلىدۇ».

«ھەسەتخورلۇق — كېسەلدۇر، بەلكى ساقايماس مەرەزگە گىرىپتارلىقتۇر».

«كۆپ ياسانغۇچى ئەركىشى ئەقىل ئەھلىلىرىنىڭ سېپىدىن يىراقلاشقۇچىدۇر».

«ياخشى تونى يىرتىق بولسىمۇ ياخشى، خۇددى گۈلنىڭ پورىكى ياماق بولسىمۇ كۆڭۈلگە ياقىقاندەك».

«سۆس يانغان پىلىك قانچىلىكى كۈچەپ يانسىمۇ قۇياشقا تەڭلىشەلمەيدۇ. دېۋە جەننەتنىڭ تونىنى كىيۋالغان بىلەنمۇ پەرى بولالمايدۇ».

«گۆھەر پاتقاقتا چۈشكەن بىلەنمۇ قىممىتىنى يوقاتماي، نۇر باھاسىنى ساقلاپ قالىدۇ».

خۇلاسىلىغاندا، ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» («قەلبلەر دوستى») ناملىق ئەسىرى يۇقىرىقىدەك ئىلغار ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ۋە يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى مىراسلىرى خەزىنىسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىز بۇ ئەسەرگە ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى نەۋائىينىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە پېداگوگىكا ساھەلىرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئىلمىي مەسىلىلەرنى ئەينى دەۋرنىڭ ئالدىنقى پەللىسىدە تۇرۇپ يورۇتۇپ بەرگەن مەشھۇر ئالىم ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

جەملە ماقالىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، نادىرەگە

قاراپ:

— توۋا دەيمەن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. مۇبادا باشقا ساۋاقداشلىرىم ئۇچراپ قېلىپ بۇ ھەقتە بىر نەرسە سوراپ قالغان بولسا راستىنىلا ئوسال بولىدىكەنمەن. ھازىر خۇددى ئالىي مەكتەپتىكى ياتاقتا ئوقۇپ بەرگەندەك ھېسسىياتقا كېلىۋاتىمەن. ئەكەل، ئەمدى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن كىتابنى تاللاپ ئوقۇپ بېرەي. يۇقىرىقى ماقالىنى ئوقۇۋاتقاچ بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئەسلەپ باقتىم. ھەقىقەتەنمۇ خېلى كۆپ جايلىرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە ئەسلىۋالاي، — دېدى ـ دە، نادىرەنىڭ يېنىدا تۇرغان كىتابنى ئېلىپ تاللاپ ـ تاللاپ ئوقۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ ئەينى ۋاقىتلاردا بۇ كىتابنى تەكرار ئوقۇغاچقا، مۇھىم جايلىرى كۆزىگە سىڭىشىپ قالغان ئىدى. نادىرە بولسا، ئۇنىڭغا تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى:

## مەكتەپدارلار ـ ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدە

بەزى ئوقۇتقۇچىلار گۇناھسىز مەسۇملەرگە جاپا قىلىدۇ. ئۇلار باللارنى ئازابلاشقا ئامراق، دائىم ئۇرۇشقا تەييار، زاتى مۇرەسسە قىلىشتىن يىراق. دىلى قاتتىق، قاپىقى يامان، ناھايىتى ھاكاۋۇر. دائىم غەزەپتىن تۈرۈكلۈك قاپاقلىرى، كۆڭلىدە گىنە ـ ئاداۋەت قاداقلىرى كۆپ، مىجەزى قوپال، شۇنچە تېتىقسىز، قىلمىشى ئاشۇنداق بولغاچ ئەقىلسىز.

يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار توسۇن، كىچىك باللار كۆڭلىنى جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۆزىگە رام قىلىدۇ،

باللارنىڭ يامان ئادەت، قىلىقلىرىنى تۈزىتەلەيدۇ. ئۇلار كۆرۈنۈشتە قوپال كۆرۈنسىمۇ، بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئېرىتكەن قوغۇشۇندەك يۇمشاق، مۇلايىم. مۇنداق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى ھېچكىم قاملاشتۇرالمايدۇ، ھەتتا ئادەم ئەمەس، دېۋىلەرمۇ قىلالمايدۇ.

كۈچلۈك بىر ئادەم بىر كىچىك بالىنى باشقۇرۇشتا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى بولسا بىرمۇنچە بەڭۋاش، شوخ بالىلارغا ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىدۇ، بىلىش كېرەككى بۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بولۇپمۇ بەزى پەم ـ ئىدراكى تۆۋەن بالىلارغا ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشتە نۇرغۇن جاپا چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا ھەققى ناھايىتى كۆپ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى پادىشاھ بولسا، ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىش تولىمۇ ياخشىدۇر.

## سازەندە ۋە ناخشىچىلار ھەققىدە

سازەندىلەر شادلىق يەتكۈزگۈچى، ناخشىچىلار غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر. ھال ئەھلى بولسا ھەر ئىككىلىسىگە جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ. ماھىر سازەندىنىڭ ساز ـ نەغمىسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ ھاياتى پىدا بولسا نە غەم. چۈنكى، كۆڭۈل خۇش ئاۋازدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ، جان خۇش ئاۋازدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ. خۇش ئاۋاز ناخشىچىنىڭ ناخشىسى دەردمەنلەر قەلبىدىكى ئوتنى ئۇلغايتىدۇ، ئەگەر يېقىملىق بولسا، ھال ئىگىلىرىگە قىيامەت بولىدۇ.

ئەگەر ھەر سازەندە سازنى ناھايىتى كۈچلۈك دەرد ئىلكىدە

چالسا، دەردتىن زەخمىناك بولغان يۈرەككە بەكرەك تېگىدۇ. گۈزەل ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ھال ئەھلىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن ئىس چىقىرىۋېتىدۇ. سازەندىنىڭ مىجەزى مۇلايىم، ئۆزى ئەقىللىق بولسا، تاش يۈرەك ئادەم بولسىمۇ، باغرىنى ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. بولۇپمۇ سازەندە ۋە ناخشىچى ھەم ئوقۇپ، ھەم چالغاي، كۆڭۈل مەملىكىتىگە قوزغىلاڭ سالغاي. يەنە بىر خىل سازەندىلەر باركى، ئۇلار شادلىق كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەجىر قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلىدە ئەخلاقتا تۆۋەن ۋە نامرات. مۇنداق ناخشىچى، چالغۇچى زارلىنىپ تۇرۇپ ئالغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلارنى ئىشقا سالغۇچىدا رەھىم ـ شەپقەت بولسا، ئۇنىڭغا ئەسقاتىدۇ. سۆھبەتتە نازۇنېمەت كۆپ بولسا، نېمە دېسە ئۇنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر بەزمىدە داستىخان كەم ـ كۇتىرەك بولۇپ قالسا، ئۇ خىلدىكى سازەندە، ناخشىچىلارنىڭ نازى ئېشىپ كېتىدۇ. داستىخان سېلىنمىسىچۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلى تامامەن خاپا. ئەگەر ئۇزاق يىللار ياخشىلىقىڭنى كۆرگەن بولسىمۇ، يېنىڭدىن سالامسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاز ئالسا ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ. كۆپ ئالسا ھەقنى تونۇمايدۇ. بۇلارنىڭ كۆپى پاسىق، بەتخۇي، كاج تەبىئەت، قوپال سۆزلەيدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئىش ـ ھەرىكىتى تۈزۈلمىگەن سازلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلاردا ۋاپا يوق، ئۇلار ۋاپا ئەھلىنىڭ ئالدىدىن قوغلانغان رەزىل كىشىلەر. «ئەلنەغمە ۋاپاسىز، گاچا ھاياسىز». ئەگەر ئۇزاق يىل بىر ئۆيدە بولۇپ، بىر قېتىم مەنپەئەت بەرمەي قالساڭ، سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۆزى ئەر كىشى سۈرىتىدە تۇرۇپ، سۈرىتىدىن سەتەڭلىك، كىيگەن كىيىملىرىدىن بۇزۇقلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. نەغمە بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولىدۇ، كۆپچىلىككە دۇمباق چېلىپ يول باشلىماقچى بولىدۇ .

## تىجارەتچى ـ سودىگەرلەر ھەققىدە

تىجارەتچى ـ ساياھەتچى مەملىكەت، شەھەرلەر ھالىدىن خەۋەر تاپقۇچى. ئۇ ئاجايىپ ھېكايە ـ قىسسىلەرنى، غارايىپ قىزىق گەپ ـ سۆزلەرنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ تۈگىلىرىنى يېتىلەپ، تاغۇ دەشت، قۇملۇقلارنى كەزگەن، دەريا ـ دېڭىز دولقۇنلىرىدىن كۆپ پايدا ـ زىيانلارنى كۆرگەن. ھالال رىزىق ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى باسقان، جەمئىيەت سىرتىدا تالاي كۆڭۈل پەرىشانلىقى ئاڭا يەتكەن. بىرسى يۈز بولۇشتىن كۆڭلىدە تەمەننا، بۆزى يىپەك بولۇشتىن دىلىدا سەۋدا. مۇنداق كىشىنىڭ ئالدى بىلەن مەقسىتى توغرا بولۇشى، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق مۇشەققەت تارتىشى، سودا ئۈچۈن دەريا ـ دېڭىزغا كىمە سېلىشى، گۆھەر ئۈچۈن لەھەڭ ئاغزىغا ئۆزىنى ئۇرۇشى، مال ـ پۇلنىڭ ھەشەمەتىگە سەۋەب قىلىشى، ئىشەنچلىك خىزمەتچى ۋە ھەمراھلارنى تېپىشنى بىلىشى، ئېسىل ـ نەپىس كىيىملەرنى ئاياپ، كونا (ئاددىي) كىيىملەرنى كىيىشى، لەزىز غىزالار ئورنىغا قۇرۇق (قاتتىق) نانلارنى يېيىشى لازىم. رەنج ـ كۆپرەك پايدا ئېلىش ئۈچۈن، پايدا كۆڭۈل پاراغىتى ئۈچۈن بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، سەپەر مەقسىتى ئەزىزلەر سۆھبىتىگە يېتىش، ئاجىز، نامراتلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بولۇشى، پۇل ـ مېلىنىڭ زاكىتى بويىندا قالماسلىقى، پەقىرلەر ھەققىنى يېمەسلىكى زۆرۈر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، پۇل ـ مېلىنى قەدىرلەپ ئاسراپ، ئۆزىنى خار قىلىدۇ، ماللىرىنى باج تامغىسىدىن ئوغرىلاپ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىدۇ. پۇل ـ ماللارنى ۋارىسلىرى ئۈچۈن يىغىدۇ، يا ھادىسە قوزغاش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. مۇنداق كىشى ئوبدان

ئادەم ئەمەس، بەلكى ياللانما مەدىكاردۇر.

## دېھقانلار ھەققىدە

دېھقان دان چاچىدۇ، يەر ھەيدەپ رىزىق يولىنى ئاچىدۇ. دۇنيانىڭ ئاۋات بولۇشى، خەلقنىڭ شاد بولۇشى دېھقانلار بىلەن بولىدۇ. دېھقانلار خەلققە قۇۋۋەت ۋە بەرىكەت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تېرىغان دان مايسا بولۇپ، كېيىن پىشىپ خامان قىلىنىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلگۈچە قۇرت ـ قوڭغۇزلار، جان ـ جانىۋارلار ئۇنىڭدىن بەھرىمەن ۋە دەشتتىكى ياۋا ھايۋانلار خۇرسەن بولۇشىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆيى ئاۋات بولىدۇ، بۆرىلەرنىڭ كۆڭلى شاد بولىدۇ، كەپتەر ۋە تورغايلار شادلىقتا يېتىشىدۇ. ئورمىچى، باشاقچىلار ئۇنىڭدىن رىزىق تاپىدۇ. ماتا، چەكمەن توقۇغۇچىلارنىڭ مەقسىتى ھاسىل بولىدۇ. ئائىلىلەر ئۇنىڭ بىلەن توق بولىدۇ. مۇساپىرلارغا رىزىق يەتكۈزۈلىدۇ. غېرىب ـ غۇرۋالار، ئاجىز ـ پۇقرالار ئۇنىڭدىن رىزىق ۋە قۇۋۋەت تاپىدۇ. ئۇ بىلەن قىزىيدۇ ناۋاينىڭ تونۇرى، ئۇ بىلەن ئىسسىيدۇ ئەللاف بازىرى. زاھىد ئۇندىن تاپىدۇ ھۇزۇرى تائەت، ئابىتقا ئاندىن ھاسىل قانائەت. دېھقان سائىلنىمۇ تويغۇزىدۇ، پادىشاھ خەزىنىسىنىمۇ تولدۇرىدۇ ھەم تويغۇزىدۇ. دېمەك، دېھقاننىڭ دان چېچىشىدا شۇنچە خىسلەتلەر بار ئىكەن، باشقا خىسلەتلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

## بىكار تەلەت تىلەمچىلەر ھەققىدە

تىلەمچى ۋە گادايىنىڭ تولىسى غەيرەتسىز ۋە بىھايا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ھەريان قاترىشى ئالدامچىلىق بىلەن خەلقتىن نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ۋە كېچىسى ئوغرىلىق قىلىش

مۇددىئاسىدا ھەر يانغا كۆز سېلىش ئۇچۇن. كىشىدىن ياخشىلىق كۆرسە شۈكۈر قىلمايدۇ، ياخشىلىق قىلغان كىشىنى تىلغا ئالمايدۇ. ھەرقانچە يېسىمۇ يەنە ئاچ قالغان كىشىدەك، ھەرقانچە ئىچسىمۇ سۇغا قانمىغان كىشىدەك. يېنىغا ئېسىۋالىدىغان قاپىقى بەڭگىلىك خىيالاتى بىلەن تولغان، كۆڭلىنى رىياگەر سوپىلارنىڭ كۆڭلىدەك ناخۇشلۇق قاپلىغان. ئۇلار پۇل تاپسا تۇگۈنچەككە تۆكىدۇ - دە، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى يۇغان كىشىدىن باشقا كىشى تۈگۈنچەكنى ئاچالمايدۇ ياكى يەرگە كۆمىدۇ - دە، ئۇنى تۇپراقتىن باشقا نېمە يېيەلمەيدۇ.

## تەقۋالىق توغرىسىدا

تەقۋا دېمەك — نەپسىنى ئۆلتۈرۈش، دۇنيا ئارزۇلىرىدىن كېچىش، مال - مەنسەپ خىيالىدىن كۆڭۈل ئۈزۈشتۇر. ئار - نومۇسنىڭ بۇتلىرىنى پاچاقلاش ئۇچۇن، ئۆزىنى تۈزەپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن رىيازەت يولىنى تۇتۇشتۇر. نەپسىنىڭ بارلىق مۇددىئالىرىنى ئۇنتۇپ شەرىئەت جادىسىدا مەردانە تۇرۇشتۇر. بارلىق يامان سۆزلەردىن تىلىنى، بارلىق يامان ئىشلاردىن كۆزىنى ئاسراپ، بىمەنە سۆزنى ئاڭلاشتىن قۇلاقنى گاس قىلىپ، يامان يولدا مېڭىشتىن پۇتىنى پالەچ قىلىپ، خەلققە ئازار بولىدىغان سۆزلەردىن تىلىنى تارتىشتۇر. ئادەم تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بولغان نەرسىلەردىن نەپسىنى يىغىشتۇر. ھەربىر كىشى بۇ ماقامغا يەتسە، ئۇنىڭ كۆڭلى رىيازەتنىڭ نۇرى بىلەن نەپسانىيەت پاسكىنىلىقىدىن پاكىزلانغاي ۋە كۆڭۈل ئۆيىگە مۇھەببەت چىرىغىدىن نۇر يەتكەي ۋە ئۇل نۇرنىڭ تەپتى ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەتكەي. ئىبادەتنىڭ نەتىجىلىرى، رىيازەتنىڭ

پايدىلىرى قولغا كېلىشكە باشلىغاي، سائەت ـ مىنۇتلاپ ئۆز ئىشىغا قىزغىنلىقى ئېشىپ بارغاي، بۇ پەيز ۋە ئىشتىياق قەدەھلىرىدىن ئىچىپ قانمىغاي.

## قانائەت توغرىسىدا

قانائەت دېمەك ـــ شۇنچىلىك قۇۋۋەت ھاسىل قىلىشتىن ئۇشۇق ھەممە ھەۋەسنى كۆڭلىدىن كەتكۈزۈشتۇر. قانائەت بىر بۇلاقتۇركى، سۇيىنى ئېلىش بىلەن قۇرۇمايدۇ؛ خەزىنىدۇركى، ئۇنىڭدىكى مالنى ئىشلەتكەن بىلەن ئۆكسۈپ قالمايدۇ. ئۇ بىر ئېكىنزارلىقكى، چاچقان ئۇرۇق ئىززەت ـ ئابرۇي كەلتۈرىدۇ. ئۇ بىر دەرەخكى، شېخى ھاجەتسىزلىك ۋە ھۆرمەت مېۋىسىنى بېرىدۇ. قانائەت كۆڭۈلگە ئوچۇقلۇق بېرىدۇ، كۆزگە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ. قانائەتلىك دەرۋىشنىڭ قۇرۇق نېنى تەمەخور پادىشاھنىڭ لەززەتلىك تاماقلىرىدىن ياخشىراق. پادىشاھ شۇكى، ئالمىغاي بەرگەي؛ گاداي شۇكى، چاچمىغاي تەرگەي. كىمكى قانائەتكە ئادەتلەنگەن بولسا، شاھ ـ گاداي دېگەندىن ئازاد بولغاي.

تىرىكچىلىك ئۆيىنىڭ تارلىقىنى قانچە مۇبالىغە قىلساڭ بولىدۇ. قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلىسەن. ئۇ بىر تاغدۇركى، ئۇنىڭغا چىقساڭ دوست ـ دۈشمەندىن بىھاجەت بولىسەن. قانائەت چۈشكۈنلۈكتەك سېزىلىسىمۇ، نەتىجىسى ئۈستۈنلۈك بولىدۇ؛ ئاجىزلىقتەك سېزىلىسىمۇ، نەتىجىسى كۈچلۈكلۈك بولىدۇ. قانائەت بىر ئۇرۇقكى، نەتىجىسى بايلىق؛ دەرەخكى، مېۋىسى بىھاجەتلىك. ئۇ بىر مەيدۇركى، ئاچچىق، ئەمما نەتىجىسى تاماشاغا ئوخشاش؛ ئۇ بىر يولدۇركى، قاتتىق، ئەمما مەنزىلى شادلىق. قانائەت قانچىكى

راھەت كەلتۈرسە، تەمە، ئازاب ۋە زالالەت كەلتۈرىدۇ. ئەسكىنىڭ مىجەزى ئەسكىنى ياقتۇرىدۇ؛ پەس تەبىئەتلىك، خارلىق ئەسكىگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش — خارلىق؛ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش تەنتەكلىكتۇر. كىمنىڭ ئادەت - خۇلقى يامان بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن خەلق قاچىدۇ. ئۇ پەس تەبىئەتلىكىدە، خارلىقتا كامال تاپقان بولىدۇ؛ ئادىمىيلىكتىن زاۋال تاپقان بولىدۇ. ئاچ كۆزلۈك نومۇسنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرىدىغان ئوت. ئىززەتنىڭ خامىنىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان شامالدۇر. تەمەخورغا نەرسە بېرىش شىرغا تاماق بېرىشكە ئوخشايدۇ. بىرىنچىدىن، پەسلەرنىڭ ئىشى؛ ئىككىنچىسىدىن، چارپاينىڭ سۈپىتىدۇر. قانائەت بىر گۆھەردۇركى، خەلقنى بالادىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

## ھېكايەت

بىر پىر خاتىرجەم ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن قانائەتنى ئۆزىگە شوئار قىلىپ، بىر يېزىدا ماكان تۇتۇشنى ئىختىيار قىلدى. خەلقلەرنىڭ نەرسىسىگە ۋە ھەدىيىسىگە كۆز سالمىدى. پادىشاھلارنىڭ مۇكاپات ۋە سۇيۇرغال — ئىنئام، ئېھسانلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى. ئاتىسىدىن مىراس قالغان ئازغىنە يېرىگە دەرەخ تىكتى ۋە زىرائەت تېرىدى. دەرەخ ۋە زىرائەتلەرنى سۇغىرىش، پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن مۇبارەك قولىدىن كەتمەن، كەكە چۈشمىدى. شۇنداق قانائەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈردى، «قانائەت كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ نەتىجىسى شۇ يەرگە يەتتىكى، ھىرات شەھىرىنىڭ پادىشاھى، مەشھۇر ئۆلىمالار ۋە ماشايىخلار ئۈچ پەرسەخ (بىر پەرسەخ — 12 مىڭ ماڭدام) مۇساپە يولنى بېسىپ، ئۇ جانابنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، ئۇنىڭ

بوسۇغىسىنىڭ تۇپرىقىنى يۈزىگە سۈرتۈش بىلەن پەخىرلىنىپ، بېشى كۆككە يەتتى. پىرنىڭ تېرىغان زىرائىتىنىڭ نېنىدىن، بېغىنىڭ مېۋىلىرىدىن قانچىلىك قولغا كەلسە كۆزلىرىگە سۈرتۈپ تەۋەررۈك ئۈچۈن قويۇنلىرىغا سېلىپ، شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، بالا - چاقا، ئەھلى ئاياللىرىغا بەردى ۋە ئۇ نان - مېۋىلەرنى يېگەنلەر ئاخىرەت نىجاتلىقىغا ئۈمىدۋار بولاتتى. قانائەتنىڭ نەتىجىسىنىڭ مۇنداق ئاشكارا كۆرۈنۈشى ئاز كۆرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

## سەۋر توغرىسىدا

سەۋر — نەپسىنىڭ خاھىشلىرىدىن ۋە جىسمانىي لەززەتلىنىشلەردىن ئۆزىنى يىغىشتۇرۇشتۇر؛ ئىبادەت مېھنىتى بىلەن نەپسنى ھەبس[1] قىلىپ، قاتتىق جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئۆز يولىدا مەھكەم تۇرۇشتۇر. ھەق يولىدا قاتتىق - يىرىككە ئۆزىنى كۆندۈرۈشتۇر، ياخشى ۋە ياماندىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانغا چىداشلىق بېرىشتۇر. سەۋر ئاچچىق، ئەمما نەتىجىسى تاتلىق؛ سەۋر قاتتىق، ئەمما نەتىجىسى پايدىلىق. سەۋرنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇتۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن كىشى بارمۇ؟ سەۋرگە قاتتىق كۆڭۈل باغلاپ ئازاد بولمىغان تۇتقۇن بارمۇ؟ سەۋر شادلىقنىڭ ئاچقۇچى ۋە چىگىكلەرنى يېشىپ تاشلىغۇچىدۇر. سەۋر بىر يولداشتۇركى، ئۇنىڭ سۆھبىتىنى ئانچە كۆڭۈل تارتمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مەقسەتكە يېقىندۇر. سەۋر بىر چۆپقەتتۇركى، ئۇمىدنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرى ئارزۇغا تۇتاشتۇر. سەۋر بىر ئاتتۇركى، ئۆزى ئاستىراق ماڭىدۇ، ئەمما

---

[1] ھەبس — قاماش.

مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ؛ يۈكى ئېغىر بىر تۆگىدۈركى، ئەمما خاتىرجەم ماكانغا ئېلىپ بارىدۇ. سەۋر قاتتىق سۆزلۈك نەسىھەتچىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭدىن كۆڭۈل ئازار يەيدۇ. ئەمما، مەقسەتكە يەتكۈزىدۇ. سەۋر داۋالىشى ئاستا بىر تېۋىپقا ئوخشايدۇكى، كېسەللەر باشتا ئۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ، ئەمما ئاخىرىدا سەۋر دېگەن داۋا بىلەن كېسەلدىن ساقىيىدۇ. ئاشىقلار سەۋرنى ئاڭلىغان هامان باشقىچە بولىدۇ، لېكىن ئاقىۋەتتە ئۇ ۋەسلىگە ئېلىپ بارىدۇ، ئايرىلىش ئازابىنى تارتقۇچىلار ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، لېكىن ئۇ قوشۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. سەۋرنىڭ قەپەسىدە جان بۇلبۇلىغا خامۇشلۇق يېتىپ نە ناۋا قىلسۇن، سەۋرنىڭ مەجلىسىدە روھنىڭ تۇتىسى نە جىملىقتىن ۋە نە پەرياد بىلەن سايراشتىن نەپ ئالسۇن. ئاشىقلاردا سەۋر بولمايدىكەن، هاياتى خەۋپلىك؛ كېسەللەردە ئۇ بولمايدىكەن، روھى ناكار بولىدۇ. سەۋرسىزلىك ئاشىقلارنى ئۆلتۈرىدىغان كېسەل. سەۋرسىزلىك كېسەللەرگە ئۆتكۈر زەهەر. ئۇ ساق كىشىلەرنى كېسەلگە دۇچار قىلىدۇ. سەۋرسىزلىكنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئەزالار كاردىن چىقىدۇ. روھ ۋە كۆڭۈل سەۋرسىزلىكنىڭ قاتتىقلىقىدىن تاقەتسىزدۇر .

## هېكايەت

بىر غېرىب بىر گۈزەل يۈزلۈككە ئاشىق بولۇپ قالدى ۋە شۇ ئىشتا تۆهمەت بىلەن زىندانغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئاشىقنى ئىقرار كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلمىغان ئازاب قالمىدى. ئەمما ئۇ سىرنى كۆڭلىدە چىڭ ساقلىدى. ئاخىر بىر كۈنى پاششاپلار زىندانغا بېرىپ، ئۇنى زىنداندىن قول ـ پۇتىدىكى كىشەنلەر بىلەن سۆرەپ چىقىپ، پۇت ـ قولىنى ئۇزىتىپ يەرگە ياتقۇزۇپ، بىر قۇچاق تاياقنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى تاياق سۇنۇپ تۈگىگۈچە ئۇردى.

پۇتكۇل بەدىنى جاراھەتلەندى. تېرىلىرى سويۇلۇپ كەتتى. تاياق زەربىسىدىن ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاققان قان يەرنى قىپقىزىل بويىۋەتتى. لېكىن، بۇ غېرىب پەقەت ئۇن چىقارمىدى ۋە ئىقرار قىلمىدى. پاششاپلار ئۇنى ئۇرۇپ ھېرىپ ـ چارچىدى، ئۇنى زىنداندىن سۆرەپ چىقىپ قويۇپ بەردى. قىيىنغۇچىلار يىراققا كەتكەندە، غېرىب ئاشىق ئېغىزىدىن بىر دەرەمنىڭ پارچىسىنى چىقاردى. ئۇنى كۆرگەن خالايىق بۇ دەرەم پارچىسىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەلۇم بولدىكى، غېرىبنى قىيناۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ مەشۇقى شۇ جايدا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تۇرغانىمىش. غېرىب تاياق ئازابىدا قىينىلىپ، ئازاب جاندىن ئۆتكەندە دەرەمنى مەھكەم چىشلەپ ئالغانىمىش. چىشنىڭ زەخمى بىلەن دەرەم پارچە ـ پارچىلىنىپ كەتكەنىمىش. مەشۇقنىڭ ئالدىدا ئازابقا چىداپ ئىندىمەي تۇرغانىمىش. شۇ ۋاقىتتا مەشۇقى ئۇنىڭ ھالىنى بىلدى، مېھىر ۋە شەپقەت بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ يۇمشاق سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ يارىلىرىغا مەلھەم ـــ داۋا، شىپا يەتكۈزدى، شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ تېنىگە جان كىرگۈزدى. ئاشىق ئويلاپ باقمىغان دۆلەت ـ بەختكە سازاۋەر بولدى. ئاشىقلىق ھالى بىلەن سەۋرسىز ئىدى، ئەمما ئىشق يولىدا قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە چىداشلىق بېرەلىدى.

## كەمتەرلىك توغرىسىدا

كەمتەرلىك كىشىنى خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە دوست تۇتۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەنە شۇنداق دوستلۇقنىڭ گۈلشىنىدە گۈزەل گۈللەر ئېچىلىدۇ ۋە ئۇ گۈللەر ئىناقلىق ۋە ئۇلپەتچىلىك بەزمىسىگە چېچىلىدۇ. كەمتەرلىك ـــ تەكەببۇر دۈشمەننى يۇمشىتىدۇ. ئادەتلىرى غەلىتە بولغان كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئىنسانىيەتنىڭ زوقىنى ئولتۇرغۇزىدۇ. ئەگەر كەمتەرلىك

تەكرارلىنىۋەرسە، ھاياسىز مۇددەئىي - دەۋا قىلغۇچىنى ئاخىرىدا ئۇياتچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. كەمتەرلىكنىڭ يەنە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىشى بىلەن ئىنساپسىز دۇشمەن يامانلىقتىن يانىدۇ. كەمتەر كىشى بارلىق كىشىلەردىن ياخشىراق ۋە مەرغۇبراقتۇر؛ يەنە بېشى ئېگىزلەردىنمۇ خوپراق، بىنىيازلاردىنمۇ مەرغۇبراقتۇر؛ چوڭ - كىچىكنىڭ ھەممىسىگە ياخشىدۇر. چۈنكى، ئۇ بەرمەي تۇرۇپ كىشىلەرنى شاد قىلىدۇ ۋە غەمدىن ئازاد قىلىدۇ. كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ كىچىكلەرنى چوڭلارنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر قىلىدۇ. ئۇ يەنە كىچىكلەرنىڭ مېھرىنى چوڭلارنىڭ كۆڭلىگە سالىدۇ، ئۇ مېھرىدىن كۆڭۈلدە مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ساقلىنىدۇ، كەمتەرلىك ئۇششاقلارنى كىشىنىڭ كۆزىگە چوڭ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەخلاقنى كىشىلەر چوڭ بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ بىھۆرمەتلىك قىلىشىدىن، ئۇلارنىڭ ھەزىل قىلىشى، سەل قارىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ئارام يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ كىچىكلەرگە قانچە نەتىجىسى بولىدىكەن، چوڭلارغا ئۇنىڭدىنمۇ زورراق نەتىجە بېرىدۇ. ئەدەپتىن مۇھەببەت زىننەت تاپىدۇ، ئەدەپسىزلىك بىلەن دوستلۇقنىڭ كۆركى كېتىپ قالىدۇ. ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك دوستلۇقنىڭ ئەينىكىگە جۇلا بېرىدۇ. بۇ ئىككىسى دوستلۇققا ئىككى تەرەپتىن يورۇقلۇق يەتكۈزىدۇ. كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ ئىگىسىگە تەزىم ۋە ھۆرمەت يېتىپ تۇرىدۇ. كەمتەرلىك ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشى تېرىغان دانغا گۆھەردىن ھوسۇل ئالىدۇ. ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك ياخشى ئەخلاق جۈملىسىدىن بولۇپ، كىشىلەردە بۇ خىسلەت مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قارىمايدىغان كىشى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقتە ئۇنىڭغا مۇھەببەت بولۇپ، ئەدەپ ۋە كەمتەرلىككە لايىق ئىززەت ۋە ھۆرمەت تاپىدۇ. دوستلار

ئارىسىدا بۇ خىل دوستلۇق ۋە مۇھەببەت بولسا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! بۇ خىل دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق كۆرۈنۈشتە دوستلۇق ۋە دۇنياۋى مەقسەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، تەكتىدە تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولىدۇ. بۇ يەردە تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى ھۆرمەت قىلىشتەك سائادەتكە، خەلققە شەپقەت قىلىشتەك دۆلەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ مەرتىۋىگە لايىق كىشىلەر كۆرۈنۈشتە كەمتەر، ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق مۇلايىم بولۇشى؛ تەكەببۇر، ئۆزۈمچىل، جاھىل، ئەقىلسىز بولماسلىقى لازىم.

## ئىشق بابىدا

ئىشق — ئىنسان بالىلىرىنىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرىدىغان نۇرلۇق ئەختەردۇر؛ ئىنسانىيەت تاج ـ تەختىنى زىننەتلەيدىغان گۆھەردۇر. ئۇ بىر قۇياشتۇركى، غەمكىن كۆڭۈللەر باياۋانى بولىدۇ ئۇنىڭ بىلەن گۈلشەن؛ ئۇ پارقىراپ تۇرغان تولۇن ئايدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن زۇلمەت كېچىلىرى بولىدۇ روشەن. ئۇ بىر كەڭ دېڭىزدۇركى، كۆرمىنىڭ ئەقىل ـ ھوش كېمىلىرى ئۇنىڭغا چۆككەن؛ ئۇ ئوت ـ چۆپلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان بىر ئوتتۇركى، نۇرغۇن كۆڭۈل ۋە جانلار سۇ بولۇپ ئېرىگەن. ئۇ بىر چېقىلدۇرغۇچكى، نۇرغۇن جان، كۆڭۈللەر كۆيۈپ كۈل بولغان. ئۇ بىر قان ئىچكۈ ئەجدىھادۇركى، ئالەمنى دەم تارتىش ئۇنىڭغا مەقسەت؛ ئۇ بىر زالىم پادىشاھتۇركى، مەقستى قىلىشتۇر خەلقنى قەتلىئام.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشق ۋە ئىشق ئەھلى مەشۇق بىلەن بىللە مەۋجۇتتۇر. ئىشق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مۇستەقىللىكى بىلەن جىلۋە كۆرسەتسە، ئۇنىڭ نۇرى بىچارە

ئاشىقنىڭ كۆز پەنجىرىسىنىڭ شىشىلىدەك ھەيران قىلىپ، ئىشقتىن ئىبارەت ئىباك ھەييار ئۇ پەنجىرىدىن ئۆزىنى كۆڭۈل ئۆيىگە تاشلار. ئۇل ئۆي (كۆڭۈل ئۆيى) خارابىلىققا باشلاپ، ئەقىل ـ ھوش ئەسكەرلىرىگە قوزغىلاڭ سېلىشقا باشلار. ئۇ ھەم نامەلۇمكى، گۈزەللىك پادىشاھىنىڭ بۇ زالىم ئەسكەر باشلىقىنىڭ زۇلمىدىن ئۇ يۇرت خەلقلىرىنىڭ ئاجىزلىرى نېمە ئىش قىلسۇن ۋە ئۇ ھالىنىڭ دەھشىتى ۋە قاتتىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ ھالى نەگە يەتسۇن.

بۇ شۇنداق بىر ھالەتتۇركى، ئۇنىڭ قاتتىقلىقى ۋە دەھشىتىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇنى كۆرمىگەن كىشى بىلمەيدۇ. ھىجران ۋە پىراق ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر ۋە بۇ ئىشق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، ئاۋام ئىشقىدۇركى، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا مەشھۇردۇر. مەسىلەن: پالانچى پالانىغا ئاشىق بولۇپتۇر. بۇ خىل ئىشق ھەر قانداق كىشىگە ئۇنىڭ كۆيگىنى ۋە پەرىشان بولغىنىغا يارىشا جىسمانىي لەززەت ۋە نەپسانىي شەھۋەت بېرەلەيدۇ. بۇ قىسىم ئىشقنىڭ يۇقىرىراق مەرتىۋىسى پۈتكۈل خەلققە سۈننەت ۋە مۇباھ بولغان شەرئىي نىكاھتۇر. ئۇنىڭ تۆۋەنرەك مەرتىۋىسىدە پاراكەندىچىلىك، چېچىلاڭغۇلۇق ناخۇشلۇقلار بار بولۇپ، ئۇنى ئېيتىش ۋە ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈش ئەدەپسىزلىك ۋە نومۇسسىزلىق بولىدۇ. ئىشقنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئىشق خاس بولۇپ، ئۇ پاك كۆزنى پاك نەزەر بىلەن پاك يۈزگە سېلىشتۇر. پاك كۆڭۈل ئۇ پاك يۈزنىڭ ئىشقىدىن قوزغىلىشتۇر ۋە بۇ پاك كۆرۈنۈش ۋاستىسى بىلەن پاك ئاشىق ھەقىقىي مەھبۇبنىڭ پاكىز جامالىدىن بەھرە ئېلىشتۇر. ئۆتكەنلەردىن ئىشق ئەھلىنىڭ پاك باز[1]لىرى، نەزمچىلىرى ۋە ھېكايىچىلىرى بولۇپ، ئۇلار نەزم ئورمانزارلىقىنىڭ

[1] پاك باز ــــ جەڭ مەيدانىدا باشتىن ـ ئاياغ غەلىبە قىلغۇچى.

كۆچلۈك ئارسلانلىرى ۋە نەزم گۈلخانىنىڭ سەمەندەرلىرى ۋە ھال ۋادىسىنىڭ پاك يۈزلىرىدۇر.

ئىشقنىڭ ئۈچىنچى قىسمى سىددىق ئىشقتۇر. سىددىقلار تەڭرىنىڭ نۇرلۇق جامالىغا كۆرۈنۈشتىكى ۋاسىتىلەرسىز مەپتۇن بولۇپ، مۇشاھىدە[1] بىخۇدلۇقىدا سەزگۈلىرى يوقالغان، شاھادەتلىرى غەرق بولۇشقا يېتىپ بارغان بولۇپ، ئۇ غەرق ھالاكەتكە يەتكەن.

## ھەركىم ئۆزىگە خوپىراقتۇر

نەپسانىيەتچىنىڭ ماقامى نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا قاراشلىق بولىدۇ. ھېچكىم ئۆز كۆڭلىگە غەم تىلىمەس ۋە ئۆز نەپسىگە ئەلەم ئىزدىمەس. ئەمما، باشقا بىراۋنىڭ ئەسلىي زاتىدا قاتتىق خارلىق كۆرسە، ئۆزىگە قىلچە ئېغىرچىلىق كەلگەندەك كۆرمەس، يەنە بىراۋنىڭ ئەزىز نەپسىگە چوڭ كۈلپەت كەلسە، ئۆزىگە كەلگەن ئازغىنە كۈلپەتنىڭ تەسىرىچىلىك تەسىرلەنمەس. ھەممە ئادەمگە ئۆزگىدىن ئۆزى ئەزىزراق، باشقىلار سۆزىدىن ئۆزىنىڭ سۆزى ئەزىزراق. ئالەمچە ياخشىلىقنى كىشى ئۆزىدىن يىراق تۇتماس، ئەمما باشقا كىشىگە يېقىن كەلتۈرمەس.

## قىممەت سۈرەتتە ئەمەس مەنىدە

ئەرلەرنىڭ كۆرۈنۈش ئۈچۈن ياسىنىشى خوتۇنلارنىڭ

---

[1] مۇشاھىدە — كۆرۈش، ھازىر بولۇش.

ئارايىش[1] ئۇچۇن ياسىنىشقا ئوخشاشتۇر. مەيلى كۆرۈنۈش، مەيلى زىننەت ئىككىلىسىگە قەبىھتۇر. ئەمما، ئەرلەرگە تولىمۇ رەسۋاچىلىقتۇر. ھەممىنىڭ كۆرۈنۈش ۋە زىننەتكە بېرىلىشى شۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولىدۇ. بىر شائىركى، ئۇنىڭ بىمەنىلىكى كىشىنى كۇلدۇرىدۇ. ئەمما، ئۆز خىيالىدا سەئىددىنمۇ، خىسراۋدىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدۇ. بىر كاتىپتىكى، ئۇنىڭ خەتلىرى قاغا پۇتلىرىدىن سەترەك، ئەمما ئۆز كۆڭلىدە، ئۇنىڭ خېتى جەئپەر بىلەن ئەزھەرنىڭ خېتىدىنمۇ ياخشىراق كۆرۈنىدۇ. بىر رەسسامكى، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىدىن كىشىنىڭ كۆڭلى ئىلىشىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆز تەسۋىرىدە رەسسام ئابدۇلھەي ۋە مانىلەردىن قېلىشمايدۇ. بىر مەزھەپكى، ئۇ خاتادۇر، ئەمما باشقا مەزھەپلەرنى تولىمۇ خاتا ھېسابلايدۇ.

## كۆپ سۆزلەش، كۆپ يېيىش

پاناھ يولىنى تۇتقانلارغا كۆپ سۆزلەش مەردۇد[2]تۇر، كۆپ ئاڭلاش مەتلۇب[3] تۇر. بېرىلىپ ئاڭلىسا خەلق يېپىشىدۇ، تولا سۆزلىسە خەلق قېچىشىدۇ. كۆپ سۆزلىگەن كۆپ يېڭىلىدۇ، كۆپ يېگەن كۆپ يىقىلىدۇ. كېسەلنىڭ ئانىسى كۆپ يېمەكتۇر، قەلب كېسەللىنىڭ ماددىسى كۆپ دېمەكتۇر. كۆپ دېمەك ـــ سۆزگە مەغرۇرلۇق، كۆپ يېمەك ـــ نەپسگە مەمۇرلۇق... بۇ سۈپەتلەر ئادەمگە لايىق بولمىغان سۈپەتلەردۇر.

---

[1] ئارايىش ـــ زىننەت.
[2] مەردۇد ـــ نەپرەتلىك.
[3] مەتلۇب ـــ يېقىملىق.

## ئۆزۈمچىلىك

ئۆزۈمچىلىك بەختسىزلىكنىڭ ماددىسىدۇر. ئۆزۈمچىلىك ئۈچ خىل بولىدۇ.

بىرىنچى، ئۆزى، سۆزى ۋە شەكلى - تۇرقى ئۆزگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ (خەلق سەت كۆرسىمۇ).

ئىككىنچىسى، ئۆزىنىڭ جىمى ھالى، قاملاشمىغان خىيالى ئۆزگە ماقۇل ۋە خۇش كۆرۈنىدۇ. ئۇ، سەتچىلىكنى ياخشى دەپ ھېسابلايدۇ. ئەڭ يېقىمسىز ئاۋازنى يۇسۇپ ئەندىكانىنىڭ ئاۋازىدەك كۆرىدۇ. ۋەزىنگە چۈشمەيدىغان بېيىتلىرىنى سالماننىڭ قەسىدىسىدىن ياخشىراق بىلىدۇ. بىمەنە، قاملاشمىغان سۆزلىرىنى ئەللامە جارۇللا يازغان «كەششاپ»تىن ئارتۇقراق گۇمان قىلىدۇ. ئۇ، شەيتاننىڭ ھەممە بۇيرۇقىنى بېجىرىدۇ. ئۆزى ئۆزگە دانا، چېچەن، نالايىق ئىشلىرى ئۆزگە ماقۇل ۋە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئۇ ھاراقتا ئامراق، مەست بولغاندا ناھايىتى رەسۋا مەست بولىدىغان بولۇپ، بىللە ئولتۇرۇپ قالغان كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى قىيىن. ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئۆمرىدە بىزار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش يەنىمۇ تەس، چىقىپ كېتەي دېسە مۇلازىملىرى يول قويمايدۇ. ئۆلۈم كەلسىمۇ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە رازى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مەجلىسىدىن قۇتۇلۇپ چىققان كىشى رۇم، پەرەڭلەرگىچە قېچىپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنىڭ مەجلىسى بېھىشتەك دېسىمۇ ئۇ يەرگە قەدەم قويماس. ئۇنىڭ ئىشلىرى ئۆزگە ماقۇل كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشى

بەتقىلىق، ئۆلۈك، ئىپلاس بىر ئولتۇرۇشكى، ئۇنىڭدىن زىندان ياخشىراق. بۇ نىجىس بەزمىدىن ھاجەتخانا پاكىزراق. ئەگەر ئۇ ھەم ئاغزىدىن، ھەم ئارقىسىدىن كېكەرسە، ئۆزىگە سەت كۆرۈنمەيدۇ. يەنە ئۇنىڭ تەمەسى شۇكى، بىللە ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ بەتقىلىقلىرىنى ياقتۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ بەتبۇيلىرىنى دىماغقا پايدىلىق دېسۇن، بۇ سەتچىلىكنى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچكىم دېيەلمەيدۇ، ئەگەر دېيەلىگەندىمۇ، ئۇ بۇنىڭغا قۇلاق سالمايدۇ. ئاڭلىسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ھازىرقى دەۋردە ھەم بار. بۇ ھالدا يەنە ئەزىز كىشىلەرمۇ باركى، زامانداشلار بىرئاز پىكىر قىلسا بىلىپ ئالىدۇ. بۇ ئەزىزلەرنىڭ بەزىلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەزىزلەردىن كىچىك بولسا، بەزىلىرى ئۇلاردىن چوڭدۇر. بەزى ئىشلىرى ئۇلاردىن كەم بولسىمۇ، بەزى ئىشلىرى ئارتۇقراقتۇر. ئۇلارنىڭ كۆپرەكىگە كەمىنە ھەقىر، ئاجىز رىئايە قىلدى. تاقابىل تۇراي دېسە، ئۇلارنىڭ زۇلۇم تەئەددىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا كۆرمەسلىككە سېلىپ كەچۈردى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلار ھەممە كىشى ئۆزىگە ئۆزى ياخشى كۆرۈنگەنلىكتىن، نەپسى شەيتانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغانلىقى ۋە مەغلۇپ بولغانلىقىدىندۇر.

ئۆزۈمچىلىكنىڭ ئۈچىنچىسى، پەۋقۇلئاددە ۋە نورمالسىز ئۆزۈمچىلىكتۇر. بۇ ھەم ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ناچار ئىشلاردا ئادەتتىن تاشقىرىلىق ۋە نورمالسىزلىق قىلىش، يەنى بۇ ئىشلاردا تولىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاللىسى سەلتەنەت، مەنسەپنىڭ ھەۋىسى بىلەن تولغان. ئۇلارنىڭ كاللىسى شۇ ھەۋەس بىلەن

كېتىدۇ.

بۇ خىل ئەقىلسىز نادانلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ ۋە ئەزىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئەخمەق، يۇمشاقباشلاردۇر. ئۇلار ئەزىز ئۆمرىنى زايا قىلىپ، پەسلىك ۋە خارلىق بىلەن سىياسەتنىڭ دارىغا ئېسىلدى، مەنسەپ خىيالى بىلەن باشلىرىدىن كەچتى، يوقلۇقنىڭ تەختىگاھىغا كەتتى.

پەۋقۇلئاددە ئۆزۈمچىلىكنىڭ ئىككىنچى خىلى يۇقىرىدىكى بىرىنچى خىلىدىنمۇ يامانراق ۋە بۇ گۇرۇھتىن ئۆزۈمچىلەرەك ۋە تەكەببۇرراق. بۇ خىلدىكىلەر بىمەنە سەپسەتىلەرنى ۋەھىي بىلەن پەردازلىماق بولۇشتى. بەزىسىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پىتنىسىنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلدى.

ئۈچىنچى خىلى، يۇقىرىقى ئىككىسىدىنمۇ يامانراق بولۇپ، تېخىمۇ لەنەتكە لايىقتۇر. بۇلار بىھايا ۋە بىئەدەپلىك بىلەن يۇقىرىقىدەك مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغا لاپ ئۇردى. ئاخىرىدا ھېچقانداق ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوق بولغان، ھېچبىر شېرىكى ۋە پەرزەنتى بولمىغان جانابىي ئاللانىڭ قەھر - غەزىپى بىلەن ئۇلارغا ھەم نى رەسۋالىق نېسىپ ئەتتى ۋە دەرك ئەسپەل[1] گە كېتىپ، ئىشلىرى نەگە بېرىپ يەتتى؟!

ياخشىلىق قىل، بىراق يامانلىق،
قايتىمىغىنىغا شۈكۈر قىل.

دەۋر زامانىنىڭ ئۆزگىرىشىدىنمۇ ياكى دەۋر زامان كىشىلىرىنىڭ

---

[1] ئەسپەل ـــ تۆۋەنلەپ كېتىش.

ئەقىل ۋە ئىنسانىيىتىنىڭ سۈسلۇقىدىنمۇ يۇقىرىقى تونۇشلىرىمىزنىڭ ئەكسى كۆرۈلۈۋېتىپتۇ. ياخشىلىقنىڭ جازاسى قوپاللىق ۋە قاتتىقلىقتىن باشقا، مۇلايىملىقنىڭ مۇكاپاتى تەكەببۇرلۇقتىن ۋە سېنى هاماقەت دېيىشتىن باشقا نەرسە كەلتۈرمەيۋاتىدۇ. قانداق كىشىگە بىرەر خىزمەت قىلساڭ، شىددەت[1] كە تەييار تۇرۇشۇڭ كېرەك. هەر كىشىگە بىرەر مۇلايىملىق قىلساڭ، مىڭ ناپاكلىققا يول قويۇشۇڭ كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشى دۇئا قىلساڭ، ئۇنىڭ قارغىشىدىن قۇتۇلالمايسەن. بىرنى بىر قېتىم ماختىساڭ، ئون قېتىم تىللاش بىلەن قۇتۇلالمايسەن. بىر پىيالە مەي بەرگەن كىشىدىن قاچا - قاچىلاپ قان يۇتۇشۇڭ كېرەك. بىر پىيالە ئوتلىغاندىن كېيىن، تاۋاق - تاۋاق زەهەرنى ئوتلاشقا ئۆزىنى تەييار تۇتۇش كېرەك. خىزمەت قىلىپ، خىزمەت جەريانىدا جاپا چەكسەڭ يەنە سېنىڭ خىزمەت قىلىشىڭغا كۆز تۇتىدۇ. قانچە ۋاپادارلىق قىلىپ جاپا - مۇشەققەت چەكسەڭ، يەنە سەندىن قۇتلۇق تەمە قىلىدۇ. هەرقېتىم ۋاپا قىلىپ، يۈز جاپا تارتمىساڭ گۇناهكارسەن. هەربىر مېهىر - مۇهەببىتىڭگە مىڭ دەرد - مېهنەت قوبۇل قىلمىساڭ قاتتىق تۇرمۇشتا سەن. ئەگەر ئۇلارغا جېنىڭنى پىدا قىلساڭ، پىدا قىلغىنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭنى تىلەيدۇ. ئەگەر بۇ شۈكرانىنى تۈگەتسەڭ، يەنە باشتىن باشلاشنى ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ يۈز مۇددىئاسى ئورۇندىلىپ، بىرى قېپقالسا، باشتىن - ئاياغ كەمتۈك سەن؛ مىڭ ئارزۇسى ئورۇندىلىپ، بىرگە ئۆزرە ئېيتساڭ ئاياغدىن باش مۇدبىر[2] سەن. يامانلىق قىلغانلىرىغا مىڭ نىياز كۆرسەتسەڭ، يەنە سەندىن يامان كىشى يوق. دوستلۇق دەپ

---

[1] شىددەت — قاتتىقلىق، قىيىنچىلىق.

[2] مۇدبىر — بەختسىز.

www.uyghurkitap.com

جىنىڭنى بەرمىسەڭ، سىنىڭ جىنىڭ ئۇنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ ناھەق قانغا رازى بولمىساڭ، قىنىڭنىڭ تۆكۈلۈشىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. دائىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش قىلىپ، بىر قېتىم قىلالماي قالساڭ، ئۇنىڭ تاپا ـ تەنىسى ئاشكارا. داۋاملىق ئۇنىڭ ئىستىكىدەك ئىش قىلىپ، بىر قېتىم كەمچىلىك كۆرۈلۈپ قالسا، ئۆمرۈڭدە قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى بىكار. ئەمگەككە چىدىساڭ ئېتىڭ بى ئىدراك[1]. تەكلىپلىرىدىن ئازغىنىسى قېپقالسا زاتىڭغا تۆھمەت ۋە قۇرۇتۇش. بارلىق پۇل ـ مېلىڭنى ئۇنىڭغا پىدا قىلساڭ، بىر قېتىم خاتالىق بولۇپ قالسا، لەقىمىڭ بى مۇرۇۋۋەت[2]. جاپا چېكىپ يەنە ئۆزرىخاھلىق قىلمىساڭ، ئېتىڭ ئىرادىسىز. ئەگەر بېشىغا گۈل قىستۇرساڭ، ئۇلاردىن يۈزۈڭگە تىكەن سانجىلىدۇ. ئەگەر گۈل قىستۇرۇشنى توختاتساڭ، باغرىڭغا مىخ سانجىلىدۇ. ئۇنىڭ بىچارىلەرگە زۇلۇم قىلىشى بىردىنبىر ئىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىلغان زۇلۇملىرىغا لۇتپى ـ كەرەم قىلىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ئويلايدۇ. بۇ زۇلۇمكەشلەرگە يولۇققان بىچارىلەر ئۇلار نېمە دېسە شەرتسىز ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلايدۇ. بۇلارنىڭ سالغان جاپالىرىنى ئۇ جاپاكەشلەرنىڭ جېنىدىن سوراپ باق، ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىنىڭ جاراھەتلىرىنى مەجرۇھلارنىڭ باغرىدىكى زەخمىدىن كۆرۈپ باق.

## ساخاۋەت توغرىسىدا

ساخاۋەت ـــ ئىنسانىيەت بېغىنىڭ دەرىخىدۇر، بەلكى ئۇ

---

[1] بى ئىدراك ـــ ئەقىلسىز.
[2] بى مۇرۇۋۋەت ـــ پىخسىق، بېخىل.

دەرەخنىڭ شېرىن سەمەرى[1] دۇر...

ساخاۋەتسىز ئەر ــــ يېغىنسىز باھار بولۇتىدۇر، پۇرىقى يوق تاتار مۇشك[2]دۇر. مېۋىسىز دەرەخ ھامانە ئوتۇندۇر، يېغىنسىز بۇلۇت ھامانە تۇتۇندۇر. ساخاۋەتسىز كىشىنى گۆھەرسىز سەدەپ دېسە بولىدۇ. گۆھەرسىز سەدەپ بىلەن ئۆلۈپ قۇرۇغان كەشەپ[3]نىڭ نېمە ئېتىبارى بولسۇن، سېخىي ــــ بۇركۇتتۇركى، ئىشى ــــ خامان، بەلكى خەزىنە بېرىش؛ بېخىل قارا چۈمۈلىدۇركى، ئادىتى دان ۋە ئوزۇق تېرىش. غايىلىك كىشىلەرلا ساخاۋەتلىك بولالايدۇ. بۇ ئىككى سۈپەت (غايە ـ ساخاۋەت) ياخشى شاھلارنىڭلا ئىشىدۇر. ساخاۋەت ئادەمگە بەدەندۇر، ئىرادە ئۇنىڭ جېنى، غايىلىك كىشىلەر دۇنيادا كۆرمىگەن سىرلارنى ئاچالايدۇ. ھەسەتسىز كىشى ئەر ساندا ئەمەس، روھسىز بەدەننى كىشى تىرىك دېمەس. ئارسلاننىڭ ئىشى ئوۋ قىلىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى تويغۇزۇش، چاشقاننىڭ ۋەرزىشى[4] پۇل ئوغرىلاپ، توگۈن ئاختۇرۇش. ھىممەت ئىگىسى ئىپلاسلىق بىلەن پەس بولماس، ھىممەتسىز كىشى پۇل تاپسا چوڭلارغا ھەمدەس[5] بولماس. چىنارنىڭ غولىنىڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن ئېگىزلىكىگە زىيان يەتمەيدۇ، تۇپراق خەزىنىلەرنى يوشۇرۇش بىلەن ئالىي بولۇپ كەتمەيدۇ. ئىرادىلىك كىشىلەرگە بۈيۈكلۈك بەك يارىشىدۇ. ئەمما ساخاۋەت ئىگىلىرىگە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يارىشىدۇ.

ئىسراپچىلىق ــــ ساخاۋەت ئەمەس، بۇزۇۋېتىشنى مەنە

---

[1] سەمەرى ــــ مېۋىسى.
[2] مۇشك ــــ ئىپار.
[3] كەشەپ ــــ سۇ جانىۋارى.
[4] ۋەرزىشى ــــ ئادىتى.
[5] ھەمدەس ــــ ياردەمچى.

ئەھلى سېخىيلىق دېمەس. تەگرى بەرگەن مالنى كۆيدۈرۈۋەتكەننى دىۋانە دەيدۇ، كۇندۇزدە شام ياققاننى ئەقلىدىن بىگانە دەيدۇ. پەخىر قىلىش ئۇچۇن بېرىش خۇدانامالىق[1]، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى سېخىي دېيىش بىھايالىق. بىر كىشىكى ئەل كۆرمىگۇچە بەرمەس، ئۇ بىر بېخىلدۇركى، سېخىي ئەمەس. سورىغاندا بەرگەننى ھەم سېخىيلىقتىن يىراق بىل، مىننەت بىلەن بەرگەندىن بەرمىگەننى ياخشىراق بىل. بىر توقاچنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئاچقا بەرگەننى سېخىي دېگىن، ئۆزى يېمەي بارىنى موھتاجىغا بەرگەننى «ئەخى»[2] دېگىن!

## سېخىيلىق ھەققىدە

سېخىيلىق — ھۇنەر بىلەن تېپىش ۋە يېگۈزۈشتۇر، ئەيىبلەرنى يېپىش ۋە كۆيدۈرۈشتۇر. جايىدا بەرگەن ئەسكى چاپان — پارە - پارە تون ساخاۋەتتۇر، جايىدا بېرىلمىگەن زەرباب تون شاقاۋەتتۇر. تامىقىم تۈگىمىسۇن دېسەڭ يېگۈز، چاپىنىم ئەسكىرىمىسۇن دېسەڭ كىيگۈز. سېخىيلىق توغرىسىدا سۆزلەنگەن سۆزنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلا، ئەمما سېخىيلىق ئىشىدا كەرەمنىڭ رەسىم - رۇسۇملىرى باشقا، ئۇنىمۇ ئاڭلا!

## كەرەم ۋە سېخىيلىق توغرىسىدا

كەرەم بىر جاپاكەشنىڭ قاتتىقچىلىق يۈكىنى كۆتۈرۈشتۇر ۋە ئۇنى بۇ قاتتىقچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتۇر، بىراۋ ئۇچۇن خارلىق

[1] خۇدانامالىق — ئۆزىنى كۆرسىتىش.
[2] ئەخى — بىر تۇغقىنىم.

يۈكسىنى كۆتۈرۈشكە ماقۇل بولۇشتۇر، تىكەننىڭ ئارىسىدىن گۈلدەك ئېچىلىشتۇر. يەنە قىلغاننى دەپ يۇرمەسلىك ۋە ئېغىزغا ئالماسلىقتۇر. كەرەم قىلىنغان كىشىگە مىننەت قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە سالماسلىقتۇر.

هازىر بۇ دەۋرىمىزدە كەرەم كۆكتاتى سەيچىلىك دۇكىنىدىن باشقا يەردە تېپىلماس، مۇھەببەت گۈلى ئۇزۇن قۇلاق پەلەك گۈلشىنىدىن باشقا يەردە ئېچىلماس.

كەرەم ئادەم تەبىئىتىدە بولمىغاچ، كەرەم ئەھلىمۇ نامەۋجۇتتۇر.

## ۋاپا ۋە هايا ھەققىدە

كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەت ئىككىسى خەلقتە ۋاپا يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىزدەشكە يوقلۇق مەملىكىتىگە كېتىپتۇ. جاپانىڭ گۈلشىنى ۋاپا گۈلىنىڭ يوقلۇقىدىن زىننەتسىزدۇر. ئادەم ئەۋلادىنىڭ گۈلى ۋاپا بۇيىنىڭ يوقلۇقىدىن خۇشبۇي ئەمەستۇر. ۋاپانىڭ چىرىغى ھەممە قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتمايدۇ ۋە زامانىنىڭ بىۋاپالىرىنىڭ كۆڭلى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. ۋاپا نەرگىز گۈلدۇركى، دەۋراننىڭ گۈلزارلىقىغا كۆز سالمايدۇ. ۋاپانىڭ كۆڭلىدە ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنالمايدۇ. ۋاپا پاك يارالغان بىر مەھبۇبتۇركى، پاك كۆڭۈلدىن باشقىغا يېقىنلىقى ۋە ئۇلپىتى يوق. ئۇ، پاك يارالغان بىر تىلەكتۇركى، پاكىز يارالغاندىن باشقىسىغا مەيلى ۋە رەغبىتى يوق. ئۇ، بىر قىممەتلىك گۆھەردۇركى، ئىنسانىيەتنىڭ تاجىغا زىننەتتۇر. ۋاپاغا هايا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ، هاياغا ۋاپا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ۋاپانىڭ ئېتىكىدە ھايانىڭ زىكرى بار. كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەت — ئاتا بىلەن ئانا بولسا، ۋاپا بىلەن ھايا بىر قورساقتىن چىققان بىر تۇغقانلاردۇر. قايسى بىر كۆڭۈلدە ۋاپا ئورۇن ئالىدىكەن، ھايامۇ ئورۇن ئالغان بولىدۇ. دېمەك ۋاپا تېپىلغان يەردە ھايا تېپىلىدۇ. ۋاپاسىزدا ھايا يوق، ھاياسىزدا ۋاپا يوق. ئۆمۈر دېگەن ۋاپاسىز، ئۇنىڭدىن ئۈمىدنىڭ كۆزىنى يورۇتسا بولمايدۇ. مەھبۇب دېگەن ۋاپاسىزدۇر، ئۇنىڭدىن ئەبەدلىك ۋەسىل كۈتكىلى بولمايدۇ. ئەرلەر ئەھلى ۋاپا، خوتۇنلار بىۋاپا. ۋاپا بىلەن ھايا بۇ ئالەمدىن كېتىپ، ماكانسىز ئالەمدە جاي تۇتقانمىش ۋە قالغان ھاياسىز، ۋاپاسىزلار ئۇلارنى ئۇنتۇغانمىش. مەن ھەر كىمگە بىر قېتىم ۋاپا قىلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز قېتىم جاپا كۆرمىگۈچە قۇتۇلمىدىم ۋە ھەر كىم بىلەن دوستلۇق ۋە مۇھەببەت تۈزدۈم، مىڭ قېتىم جاپا ۋە خارلىق تارتمىغۇچە ئۇنىڭدىن قۇتۇلمىدىم.

## مۇلايىملىق ھەققىدە

مۇلايىملىق — ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىلىك بېغى، ئادەملىك دۇنياسىنىڭ گۆھەرلىك تېغىدۇر. يۇمشاقلىقنى ھادىسىلەر دەرياسىدا كىشىلىك كېمىسىنىڭ لەنگىرى دېسە بولىدۇ ۋە ئىنسانىيەت تارازىسىنىڭ تېشىغا ئوخشاتسا بولىدۇ. ئەخلاق — شەخسىنىڭ قىممەت باھالىق لىباسى ۋە كىيىملەر ئارىسىدىكى دىبا[1] سىدۇر. مۇلايىملىق — ئىتتىپاقسىزلىق شامىلىنىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىدىن ۋە ھەۋەس كوچىسىدىكى

[1] دىباب — يىپەك كىيىم.

مۇناپىقلارنىڭ بىمەنە يولسىز غەزەپلىرىدىن ساقلىغۇچىدۇر. ئۇ، خەلقلەرنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىنى جەلپ قىلىدۇ، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە ئىلتىپاتىنى جەلپ قىلىدۇ. بىرمۇنچە كىشىلەر مۇلايىملىقىنى توختامسىزلىق دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. يەنە بىرمۇنچە ياشانغانلار ھەم مۇلايىملىقنا ئېتىبارسىز قارايدۇ. ئۇلار قۇيۇنغا ئوخشاش تۇپراقنى ھاۋاغا سورۇپ، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن بېشىنى كۆككە يەتكۈزىدۇ. تاغنى ئۆزىنىڭ ئايىغى ئاستىدا كۆرۈپ، سەھرا ـ دەشتلەرنى شامالدەك سورىماق بولىدۇ. ھەربىر ئىشىكتىن شامالغا ئوخشاش ئۇسۇپ كىرىشكە ئارى يوق، ئوتقا ئوخشاش ئاتەشدادىن بۆلەك شوئارى يوق. شامال ئەگەر گۈللەرنىڭ تاجىنى ئۇرسىمۇ، ئەمما قىيانىڭ بېلىگە قانداق يېتەلىسۇن؟ ئوت ئەگەر تاغنىڭ ئېتىكىنى كۆيدۈرەلىسىمۇ، ئەمما قۇياشنىڭ ئىسسىقىغا قانداق يېتەلىسۇن! ھەقنى سۆزلەيدىغان قۇشنىڭ توختاملىق بىلەن سايرىشى ئالدىدا قارلىغاچنىڭ سايرىشى ھارغىنلىق يەتكۈزىدۇ. شامال ئەگەر ئاسمانغا يەتسىمۇ ئالدىراڭغۇ ۋە ئۆلچەمسىزدۇر. تاغ ئەگەر تۇپراققا پاتسىمۇ، ئۇنىڭ شوئارى توختاملىق ۋە مۇلايىملىقتۇر. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوت ياقىدىغان پاخال ۋە غازاڭلار بار. بۇنىڭ قورسىقىدا پادىشاھنىڭ تاجىغا لايىق ئوتلۇق مەرۋايىتلار بار.

## ئەل خىزمىتىدىن ئۆزۈڭنى تارتما

كىمكى ئەل خىزمىتىگە ئۆمرىنى سەرپ ئېتەر، ئەگەر ئۆمرى كېتەر، مەڭگۈلۈك ئۆمۈرگە يېتەر. ئۆزۈڭنى بۇ توپتىن يىراق تۇتما، بېشىڭ كەتسىمۇ بۇ مۇددىئانى ئۇنتۇما. ئۆمۈر پانىيدۇر ۋە بىۋاپا،

يەنە بىر دۇنيا مەڭگۈلۈك دۇنيا.

بېشىغا پەلەكتىن تاش ياغسىمۇ ئەل خىزمىتىدىن باش تارتما، ئۇ تاشلار بىلەن بېشىڭ يېرىلىپ تارتۇق بولۇپ قالسا، ئۇ بەختىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ.

## تەن ساقلىق ــــ پادىشاھلىق

كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ساقلىقتۇر. بەدەننىڭ ساغلاملىقى ۋە ساغلاملىقنىڭ بۇزۇلۇشى كۆڭۈلنىڭ ساغلاملىقى ۋە بۇزۇلۇشىغا باغلىقتۇر. مەملىكەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خاراب بولۇشى پادىشاھنىڭ ئادىل ياكى زالىم بولۇشىغا باغلىق. پادىشاھ ــــ مەملىكەتتىن ئىبارەت بەدەننىڭ جېنىدۇر، كۆڭۈل ــــ بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر.

## بىھۇدە هايات

پاسىق ئالىم دانا بولسىمۇ، ئۆز نەپسىگە زالىمدۇر. بېخىل باي نادانۇر. ئۇ ئۆز يانچۇقىغىلا مۇھاپىزەتچىدۇر. بۇ ئىككى كىشى ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزدى. گۆرىگە ھەسرەت، ئارمان ئېلىپ كەتتى. بىرى شۇكى، ئىلىم ئۆگىنىشكە ئەمگەك سەرپ ئەتتى. ئەمما ئەمەل قىلمىدى. يەنە بىرى شۇكى، مال يىغىشقا ئەمگەك سەرپ قىلدى، مالنى ئىشلىتىشنى بىلمىدى.

## يامانغا ياخشىلىق قىلىش ياخشىلار ئۈچۈن ئاپەت

يامانلارغا لۇتپى ـ كەرەم ياخشىلارغا زەرەر ۋە ئەلەمدۇر. مۈشۈككە رىئايەت كەپتەرگە ئاپەتتۇر. تۈلكىنىڭ تەرپىنى تۇتۇش ــــ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توخۇ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋېتىش دېمەكتۇر.

بۆرىنى قوزا بىلەن قىلغان سىمىز.
كېيىك جەمئىي ۋە خەيلىغەدۇر رەھىمسىز.

بۆرىنى قوزا بىلەن سەمرىتكەن كىشى بارلىق ھايۋاناتقا رەھىمسىزدۇر.

## ئىلىم ئۆگىنىش باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس

ئىلىم ئۆگىنىشتىن مەقسەت تەقۋا ئۈچۈندۇر، دۇنيا يىغىش ئۈچۈن ئەمەس. خەيرسىز باي يامغۇرى يوق بۇلۇتتۇر، ئەمەلسىز ئالىم كىتاب يۈكلەنگەن ئۇلاغدۇر.
بېخىلنىڭ مېلىنى ئاسراشتىن مېھنىتى قاتتىق. ھەسەتخورنىڭ پەس خۇي ـ پەيلىدىن تۇرمۇشى ئاچچىق.

## ئۆز مېلىڭدىن ئۆزۈڭ قىزغانما

كىشى ئۆز مېلىدىن قانچىلىك پايدىلانسا، ئۇ مال ئۇنىڭدۇر. نېمىنى ئاسرىغان بولسا، ئۇ ئۆزگىنىڭدۇر. مۇشەققەت بىلەن تاپقان مېلىڭنى ئۆزۈڭدىن ئايىما. ئەمگەك بىلەن يىغقىنىڭنى دوستلار بىلەن دۈشمەنلەر ئۈچۈن ئاسراپ قويما!

## مالغا خاتىرجەملىكنى سېتىۋېلىش

مال بىلەن ھەل بولىدىغان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلماسلىق خەتەردۇر. شۇڭا مالنىڭ سەرپىنى غەنىيمەت بىل،

سالامەتلىك تەرەپكە ئەزىمەت[1] قىل!

بىر پارچە گۆشنىلا كۆڭۈل دېگىلى بولمايدۇ.
تىل گۈل قىلىدۇ ھەم كۆل قىلىدۇ.

تىلدا ئىختىيارسىز (ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەش)، ئەلگە ئېتىبارسىز، سۆزى بىمەنە، تولا سۆزلىگۈچى ھەممىشە گەپ ئۇرىدۇ، ئىتقا ئوخشاشكى، تون بويى تاڭ ئاتقۇچە ھاۋشىدۇ.
يامان تىللىق كىشى ئەلنىڭ كۆڭلىگە جاراھەت يەتكۈزىدۇ. ئۆز بېشىغا ئاپەت يەتكۈزىدۇ. ناداننىڭ بىمەنىلىك بىلەن بوغۇزىنى كېرىپ ۋارقىرىشى خۇددى ئېشەكنىڭ ۋاقتىسىز ھاڭرىشىدۇر.
ياخشى سۆزلۈك كىشىنىڭ جايىدا ئېيتقان مۇلايىم سۆزى بىلەن كۆڭۈلگە تولۇپ كەتكەن غەم چىقىپ كېتىدۇ. سۆزدە ھەر قانداق ياخشىلىقنىڭ ئىمكانى بار، ھەم ئۇزۇن، ھەم بىمەنە سۆز ئەگەر سورەتكە كەلسە، ئۇ خۇددى پاقىغا ئوخشايدۇ. كىشىلەرگە بەخت ۋە روھ بېغىشلايدىغان ھەم تىل، نەسلىك ـ بەختسىزلىك يولتۇزىنىڭ چىقىدىغان ئورنىمۇ ھەم تىل. تىل قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر. ئۆز سۆزىگە ئىگە بولالمىغان كىشى پەس كىشىدۇر.
تىل گۈزەل ۋە پاساھەتلىك، دىلنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان بولۇشى، خوپىراق بولۇشى لازىم. دىل بىلەن تىل ياخشىراق ئەزادۇر ئىنساندا، خۇددى سەۋسەن بىلەن غۇنچە مەرغۇپ گۈل بولغاندەك بوستاندا. ئادەم تىل بىلەن ئىمتىيازلىقتۇر باشقا ھايۋاندىن، ھەم تىلى بىلەن ئارتۇقتۇر باشقا ئىنساندىن. تىل شەرىئەتتە ھەم نۇتۇقنىڭ قورالىدۇر. تىل يامان بولسا، باشنىڭ

---

[1] ئەزىمەت ـــ جەزم ئېتىپ مېڭىش.

ئاپتىدۇر.

تىل ئوقىنىڭ كۆڭۈلدىكى يارىسى ساقايماس.

سۆزدە ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ ئىمكانى بار، شۇڭا دەپتۇ نەپەسنىڭ جىنى بار.

تىل يامان بولسا، باشنىڭ ئاپتىدۇر.

تىلدىن پايدىمۇ كېلىدۇ، زىيانمۇ كېلىدۇ. تاتلىق تىل ئاچچىقلىققا ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ زىيىنى ئام بولىدۇ. گوياكى قەنتتىن مەست قىلىدىغان مەي ياسالسا، قەنتمۇ ھارام بولىدۇ. تاتلىق سۆز ساپ كۆڭۈللەرگە نۇشتۇرنۇش[1] تۇر، بارچە ئەتپال مۇلايىم، تەبىئىي ھالۋا پۇرۇشتۇر.

يالغانىي راستتەك سۆزلىيەلەيدىغان سۆزمەن كۈمۈشكە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىدىغان زەرگەرگە ئوخشاشتۇر.

يالغان سۆز ئاز بولسىمۇ گۇناھتۇر. زەھەرنىڭ مىقدارى ئاز بولسىمۇ ئۆلتۈرىدۇ.

بىرىنىڭ يەنە بىرىگە گەپ توشۇغانلىقى باشقىلارنىڭ گۇناھىنى ئۆز بويىنىغا ئېلىۋالغانلىقى بولىدۇ. نەممامىلىق[2] راست سۆزنىڭ توسالغۇسىدۇر. سۆز توشۇغۇچىنىڭ كىچىكى دوزاخنىڭ تۇتۇرۇقى بولسا، چوڭى دوزاخنىڭ ئوتىدۇر.

## نادانلىق ھەققىدە

نادان ئېشەككىمۇ يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئېشەككە يۈك ئارتسا كۆتۈرىدۇ. قايان ھەيدىسەڭ، شۇ يان ماڭىدۇ. ئەقىل، پەم دەۋاسى يوق. بەرمىسەڭ ئاچ، بەرسەڭ توق. نادان بۇ سۈپەتلەردىن يىراق،

[1] نۇش — لەززەت، زەۋق، شېرىن.
[2] نەممامىلىق — گەپ توشۇغۇچىلىق.

زاتـدا ئـۆزىنى چـاغلايدۇ ھـەممىدىن ياخشـىراق. ئـۇ ئـۆز ئىشىدا مـەغرۇر ۋە تەكـەببۇر، خىيـالـىدا مـىـڭ يامـان تەسـەۋۋۇر ھەممە قىلمىشى ئۆزىگە خوپ، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى ئۆزىگە ياخشى. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئازار بېرىش خىيالى بار، ئۇنىڭ نادانلىقىدىن ئەلگە زور زىيان ئېھتىمالى بار، ئىشەكنىڭ ھاڭرىشىدىن قۇلاقتا ئازاردىن باشقا نېمە ئەيىبى بار؟ تۆگەمەندىن ئۇن ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنى پىشۇرۇشقا ئوتۇن ئېلىپ كېلىدۇ، خىزمىتى مىننەتسىز.

## دۈشمەننىڭ خۇشامىتىگە ئالدانما

دۈشـمـەننىڭ ھىيلىسىگـە پەرۋاسىز قارىما، مـەدداھنىڭ خۇشـامىتىنى راسـت دېمـە. بىرىنچىسـى، سـەندىن ئـۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىزدەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، سەندىن ئىنئام ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. ئىككىلىسىگە ئېتىبار قىلمىساڭ، دۈشمەننىڭ قەستى بىكار بولىدۇ ـ دە، بىرىگە غەرەز ئۆز مۇددىئاسى، يەنە بىرىگە ئىنئام ئىلتىماسى. سەن قىلمىساڭ ئۇنىڭغا ھېچ پەرۋا، بىرى دۈشمەنلىشىدۇ، بىرى بولىدۇ ھەجۋىي ئارا.

يۇزىدە كۇلكە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان خۇشخۇي كىشىنىڭ ئوچۇق يۇزىدىن ۋە چۈچۈك سۆزىدىن خەلققە خۇشاللىق كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئوچۇق يۇزىدىن خەلققە شادلىق، چۈچۈك سۆزىدىن كۆڭۈللەرگە ئازادىلىك، كىشىلىك بىلەن كۆڭۈللەرگە مەھبۇب، ئىنسانىيەت بىلەن جانلارغا مەتلۇپ. خاتىرجەم ئۇنىڭدىن يار ۋە ئەغيار، بۇنداق كىشى ئۆمرىدە ھېچ بولمىسۇن خار.

## دۈشمەنگە خەۋەر يەتكۈزمە

راست بولسىمۇ، دوستۇڭغا شۇم خەۋەر يەتكۈزمە، بىراۋنىڭ

ئەيىبىنى يوْزمۇيوْز دېمە. ئۇ شۇم خەۋەرنى دۈشمەن يەتكۈزسۇن. دوستۇڭ خەۋەرنىڭ ئەھۋالىنى دۈشمەندىن سورىسۇن.

## ئەقلىڭ بولسا يالغان ئېيتما

ئەقىللىق كىشى يالغان ئېيتماس، ئەمما راست دەپ ھەرقانداق سۆزنى ئېيتىۋەرمەس. ئەگەر بىر ئالىغاي ئادەمنى سەن ئالىغاي دەپ ئېيتساڭ ئۇ راست گەپ، ئەمما ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ ئېيتىش ھەقنىڭ سۈنئىيگە ئېتىراز بىلدۈرۈشىدۇر. بىراۋغا قاراپ تۇرۇپ ئازار يەتكۈزۈشتۇر، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئاشكارىلاشتۇر. بىر كۆڭۈلگە خاپىلىق كەلتۈرىدىغان بۇ خىل قوپال راست سۆزدىن مۇلايىمەت ئارىلاشقان يالغان سۆز ياخشى.

## تەمە

يامانىنى، ياخشىنى تەڭرىدىن ئاڭلىغىل، يامانىنى يامان، ياخشىنى ياخشى بىل. يامانىنى ئەگەر ياخشى دەپ قىلساڭ گۇمان، ئېرۇر ياخشىنى ھەم دېگەندەك يامان. قانائەت — شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ يارىشىقىدۇر. بىر ئىپلاس ئەگەر قانائەتلىك بولىدىكەن، ئۇ بايدۇر. شاھتىن ۋە گادايدىن بىھاجەتتۇر. تەمەخورلۇق خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. باي بولۇپ تەمەخور بولمىسا، ئۇ خار ـ زەلىل. قولغا كېلىدىغان بولسىمۇ تەمەخور بولمىسا، ئۇ ھېچ ساخاۋەتتىن قېلىشمايدۇ. بۇ خىل سېخىيلىق ئۇلۇغلۇقتۇر، تەمەخورلۇق پەسلىكتۇر.

## ھەر نەرسىنىڭ قىممىتى بولىدۇ

بىر داشتىن مىڭ تال ساپال تاۋاق چىقىدۇ. ئەمما

قىممىتى بىر تەڭگىدىن ئاشمايدۇ. كۆندە يۈزى سۈنۈپ كەتسە، كىشى «ۋاي» دېمەيدۇ. چىنىنىڭ قىممىتى ئۇنى ياساپ چىقىشتىكى ئەمگىكىگە قاراپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئاسراشمۇ قىممىتىگە يارىشا بولىدۇ. قىممىتى ئاز، ھۆرمىتى ئاز.

## چاقچاق

يامان ۋە پەس بىر ھەزىلچى كىشىلەرنى كۈلدۈرمەن دەپ تاپىنىنى قىچىقلايدۇ. پاسىقلار گۇرۇھىدىكى بىر دورامچىنىڭ خەلقنى كۈلدۈرمەن دەپ قىلغان ئىشلىرى سەت پاھىشە خوتۇننىڭ ئەينەك ئالدىدىكى كۆرۈنۈشىگە ئوخشاشتۇر. ھەزىل بىلەن شۇغۇللىنىش بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشتۇر. بەزىلەر ئۇنىڭدىن كۈلسە، ياخشىلار ئۇنىڭدىن ئوڭايسىزلىنىدۇ. چاقچاق جايىدا بولسا، لەززەت ۋە شادلىق كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا يامان سۆز بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىگە ئازار بولمايدۇ. چاقچاق ئاقىلانىلىق بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرىدا ئەخمىقانىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

## تەنبىھ

كۆپ دېگۈچى ھەم كۆپ يېگۈچى دوزاخنىڭ تۆرىگە ئالدىراپ كەتكۈچىلەردۇر. دېمەككە مەشئۇپ، يېمەككە مەغلۇپتۇر.

ھەسەتخورلۇق بىماردۇر، بەلكى ئۇ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتاردۇر. پاسىق — زىيانغا خۇمار بولغۇچىدۇر. غەيۋەت قىلغۇچى زىيانكاردۇر. بەلكى نىجاسەت يېگۈچىدۇر. ئۇلار ئەپيۇن ۋە

بەك (نەشە) بىلەن ئۆمرىنى زايا قىلغانلاردۇر. ئەر كىشى كۆپ ياسانسا بىۋە[1] بولغاي، بۇ سۈپەت خوتۇنلارغا شىۋە[2] بولغاي.

ئەر كىشىنىڭ زىننىتى بىلىم بىلەن، خوتۇن كىشىنىڭ زىننىتى كىيىم بىلەن.

## ئۆزۈڭنى بىل

باينىڭ ئۆز بايلىقىنى كۆرستىش ئۈچۈن چاپان كىيىشى ئېپلاسنىڭ يىپەك كىيىم كىيگىنىگە ئوخشاشتۇر. گۈزەل يىرتىق تون كىيىسىمۇ يەنە گۈزەلدۇر. گۈل ياماق چاپان بىلەن يەنە چىرايلىقتۇر. زۇھەل يۇلتۇزى يۇقىرىقى پەلەكتە بولۇش بىلەن قۇياش بولالمايدۇ. دىۋە بېھىشنىڭ كىيىمىنى كىيىش بىلەن پەرى بولالمايدۇ.

كەمپىر ھەرەمنىڭ نازىنى بولالامدۇ؟ كوپتار غازالە چىنى بولالامدۇ (قېرى خوتۇن شاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ سارىيىدا نازىنىن بولالمايدۇ. كوپتار ھېچقاچان چىننىڭ كېيىكى بولالمايدۇ). قېرى پاھىشە ئوسما بىلەن قېشىنى چىرايلىق قىلسىمۇ، بەربىر ئۇ بۇزۇق، پاسىقتۇر.

## تەنبىھ

ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۇنى ئىشلەتمىگەن كىشى قوش ھەيدەپ ئۇرۇق سالمىغانغا ياكى ئۇرۇق سېلىپ، ھوسۇل ئالالمىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر.

---

[1] بىۋە ـــ تۇل، بويتاق.

[2] شىۋە ـــ ئادەت.

بىلىقچىنىڭ بىلىقتا قارماق سېلىشى نەپسى ئۈچۈن،
بېلىقنىڭ قارماقتا ئىلىنىپ قېلىشى قورساق بالاسى ئۈچۈن.

ئىغىزغا كەلگەننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى.

كۆپ دېمەك بىلەن بولماغىل نادان،
كۆپ يېمەك بىلەن بولماغىل ھايۋان.

گۆھەر پاتقاقتا چۈشۈپ كەتكىنى بىلەن قىممىتى كېمەيمەس. ئىشەكمونچىقىنى شاھنىڭ تاجىغا بېكىتكەن بىلەن ئۇ مەرۋايىتنىڭ ئورنىنى تۇتالماس.

ھەزىل باشلىنىش بىلەن بىھۆرمەتلىك ئارتار، ھەزىلنىڭ ئاخىرى جېدەلگە تارتار. كۆپ چاقچاق ھايا پەردىسىنى چاك ئېتەر.

پاسىق ھەممە مىللەتتە نادانلۇر، ئەمما پاك كىشىلەر ئارىسىدا تېخىمۇ نادانراق. قايسى ئەلنىڭ كىشىسەن، ئۆزۈڭنى شۇنداق تۇز، ئۆزۈڭ قانچىلىك بولساڭ، شۇنچىلىك كۆرگۈز.

مۇبالىغىسى قانچە كۆپ بولسا خاتالىقىمۇ كۆپ بولىدۇ.
كىبىرىسى قانچە ئوشۇق بولسا، رەسۋالىقىمۇ كۆپ بولىدۇ.

بايلار تىرىكلىكىدە ئېھسان بىلەن كىشىلەر كۆڭلىنى شاد قىلمىغاي، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم ياد قىلمىغاي.

قاتتىق قول ئاقىل چوڭلارنىڭ سىردىشى، بىباك باي بالىسى خارلىقنىڭ يارەمچىسىدۇر.

ئادەم ئىككىلا دۇنيادا ئۇلۇغدۇر. ۋاپاسىز ئادەم ھەقنى تونۇمايدۇ. ۋاپاسىز، ئىزىلەڭگۈ، قابىل يىگىتتىن ۋاپالىق قوتۇر ئىت ياخشىراق.

قارنى ياماندىن ھۈنەر كەلمەس يېمەكتىن باشقا،
نەپسى ياماندىن نەپ يەتمەس دېمەكتىن باشقا.



www.uyghurkitap.com

## ياشلىق توغرىسىدا

ياشلىق ئۆمۈر گۈلشىنىنىڭ باھارىدۇر ۋە ھايات شەبىستانىنىڭ ناھارى[1]. باھاردا شادلىق ـ خۇشاللىق گۈللىرى ئېچىلىدۇ. ناھاردا زەۋق ۋە ئازادلىقنىڭ ئۆيلىرى يورۇيدۇ. ئىنسانىنىڭ گۈزەل رەنالىقى ياشلىق. سەزگۈ ئەزالارغا ياشلىقتىن قۇۋۋەت، پۇت ـ قول ئەزالارغا ياشلىقتىن سىھھەت، كۆڭۈللەرگە ئىشق تەشۋىشىنىڭ چۇشۇشى ياشلىقتىن، گۈزەللەرگە ئاشىق بىقارار بولۇش ھەم ياشلىقتىن، يىگىتلەردە گۈزەللىك ۋە نازىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ياشلىق غۇرۇرىدىن، ئاشىقلارنىڭ ياشلىرىنىڭ دەريا بولۇپ ئېقىشى ياشلىقنىڭ مەھجۇرلۇقىدىن. زىننەت بېغىنىڭ مەجلىسخانىسى ياشلىقتىن گۈلشەن، كۆز ئۆيىنىڭ چىرىغى ياشلىقتىن روشەن. ئۇ، نازىنىنلارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئەركىلەشلىرىگە سەۋەبچى، ئاشىقلارغا ئىشقتىن رەنجۇبالا كەلتۈرۈشكە ھەم ئۇ سەۋەبچى. غالىبلارنىڭ يۇرت توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكرى، سۆزى، مەغلۇپلارنىڭ يۇرتتىن ئايرىلىپ كېتىشى ھەم شۇ ياشلىقتا بولىدۇ. چەبدەس يىگىتلەر ياشلىق نەتىجىسىدە مەيداندا ئات چېپىپ، قۇدرەتلىرىنى نامايان قىلالايدۇ.

ئەھباب، يىگىتلىكنى غەنىمەت تۇتۇڭىز،
ئۆزنى قېرىلىق مېھنەتىدىن قۇتقۇزۇڭىز.
ئائىن ئاداۋەت ۋە ھەسەددىن ئۆتۈڭىز،
ھەر نەۋئى ئىلە ئۆزنى نېچە كۈن ئاۋۇتۇڭىز.

---

[1] ناھارى ــــ كۈندۈزى.

## قىرلىق توغرىسىدا

قىرلىق — ياشلىق شارابىنىڭ خۇمارلىقىدۇر. قىرلىق — ساغلام ياشلىقنىڭ كۆڭۈلسىزلىككە بىرىشىدۇر. قىرلىق — شاد كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ناشاد قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇپتۈز قامەتلىرىنى ئېگىپ، هايات بىلەن خەيرباد قىلىدۇ. ئارزۇ - هەۋەس شاخلىرىنى سۇندۇرىدۇ. هەممە ئىنتىلىش ۋە هەرىكەتلەردىن كۆڭۈلنى تىندۇرىدۇ. ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى دېگەن خىيالنى كاللىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. پۇشايمان ۋە ھەسرەت ياشلىرىنىڭ دولقۇنى بەدەن قەسرىنىڭ تاملىرىنى يىقىتىۋېتىدۇ. نامراتلىقنىڭ هەم غەم - قايغۇنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيى قىرلىقتۇر. قەدنىڭ ئېگىلىشى، كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان قىرلىقتا گۇۋاھچى بەلگىلەر تۇپراقتا يۈزلىنىشنىڭ دەلىلىدۇر. قولنىڭ تىترىشى — ئۆمۈرنىڭ ئاز قېلىۋاتقانلىقى، كۆزدىن ياش ئېقىشى — هايات ماتىمىنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قىرىغاندا ئەستە ساقلاشنىڭ ئورنىنى ئۇنتۇغاقلىق ئىگىلەيدۇ، قىرلىقتا ساقلىقتىن ئەسەر قالماس، كۆڭۈلدە ئەقىل - هوشتىن خەۋەر قالماس. ياشلار ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىدىن هەيران قالسا، ئۆسمۈرلەر ئۇنىڭ ئېگىز - پەس ئىشلىرىدىن كۈلۈشىدۇ. ئۇنىڭ هەر تال تۈكىدە بىرخىل كېسەل پەيدا بولىدۇ. تۈرلۈك ئىللەتلەر قىرلىقتىن هەۋەيدا[1]. ئاياللار، باللار، كېلىنلەر زېرىكىدۇ ئۇنى مۇهاپىزەتتىن؛ قارىغۇچىلار، باققۇچىلار ئازىدۇ مۇلايىمەتتىن. قىرى تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ ئازابىدىن

---

① هەۋەيدا — ئاشكارا.

جىنىدىن تويۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلدارلارنىڭ نادانلىقى ۋە باشباشتاقلىقىدىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى قاتتىق، مەنسەپدارلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن تىرىكچىلىكى ئاچچىق. ئاغزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ، بەزىدە كېسەلنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئاغزىغا سۇ تامغۇزۇپ، كالپۇكلىرى بىر - بىرىگە قوۋۇشماي ئۆز ھالىغا ئۆزى كۈلۈپ، باشلىرى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ چۈشۈپ، ئاغزىدىن گۆھەر دانلىرى تۆكۈلۈپ، ساقلىق ۋە ئۈمىد دېگەن ئۇنىڭ خىيالىدىن يىراق؛ بۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلگەن مىڭ ھەسسە ياخشىراق.

چۈن كەتتى يىگىتلىك ۋە ئۇزاردى قېرىلىق،
دەم ساۋۇدى ۋە قالمادى قان ھەم ئىسسىغ،
ئاغزىغا ھايات شەربىتى بولدى ئاچچىغ،
ئۆلمەك خۇشراق بۇ نەۋئ ئۆمىر ئولسا قاتتىق.

## سەپەرنىڭ پايدا - مەنپەئىتى توغرىسىدا

جىم تۇرىدىغان زېمىن نەدە؟ چۆرگىلىگۈچى پەلەك نەدە؟ تۇرغۇن تۇپراق نەدە؟ سەييارە يۇلتۇز نەدە؟ ئۇ بىرى، جىم تۇرۇشتىن خاكسار[1] نىڭ پاياندازى بولدى. بۇ بىرى، ھەرىكەتلىنىشتىن سەرەپراز[2]لارنىڭ سەرەپرازى بولدى.

سەپەر ــــ جاپا - مۇشەققەت چېكىشكە سەۋەبتۇر ۋە سەرمايەئى تەۋازۇ ۋە ئەدەپتۇر. سەپەر ــــ تاۋلىنىش ئوچىقىدۇر. بۇ تاۋلىنىش

---

[1] خاكسار ــــ ئەرزىمەسلەر.
[2] سەرەپراز ــــ بېشى ئۈستۈن، ئالىيجاناب.

www.uyghurkitap.com

ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالتۇننى ئايرىپ چىقىدۇ. سەپەر دەردمەنلەرنى ئارزۇسىغا يەتكۈزگۈچى، مەھرۇملارنى مۇرادىغا يەتكۈزگۈچى، خاملارنى پىشۇرغۇچى، تاماقنى سىڭدۈرگۈچى، ئاجايىپ - غارايىپلارنى كۆرسىتىپ بىلدۈرگۈچى، ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى ھېس قىلدۇرغۇچىدۇر. سەپەر بىلەن ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلغىلى، ياخشىلارنىڭ خىزمىتىدە بولغىلى بولىدۇ. سالىكنىڭ خۇلق - ئادەتلىرىنى تەربىيىلىگۈچى، كۆڭۈللەرگە ئارام بەرگۈچى، مەنزىللەردىن خەۋەر بەرگۈچى، ئىسسىق - سوغۇقنى ۋە ئاچچىق - چۈچۈكنى تېتىتقۇچى سەپەردۇر.

سەپەردە مۇساپىرنىڭ پۇتىغا دەردۇبالا تىكەنلىرى كۆپ سانجىلىدۇ. لېكىن، ئۇ تىكەنلەردىن ئارزۇ - مەقسەتلەرنىڭ گۈلى ئېچىلىدۇ. يول ئازابىدىن بەدەنلىرى تېلىپ ئاغرىيدۇ. ئۆزى يولۇچىلارنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ قالىدۇ. ئەمما، كۆڭۈلنىڭ بۇزۇقلىرى تۈزۈلىدۇ، كۆڭۈل ئەينىكى تازىلىنىدۇ. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئاۋاتلىقىنى، ھەرقايسى جايلارنىڭ گۈزەللىكىنى سەپەر قىلغۇچىلاردىن سورا! سەپەر قىلمىغان كىشى ئارام ئېلىشنىڭ راھىتىنى نەدىن بىلسۇن، غۇربەت چەكمىگەن ۋەتەندىكى كەچلىك ۋە شادلىقنى قايدىن بىلسۇن، دەريانىڭ توختام سۈيىنى ئىچىپ، ئېقىۋاتقان زۇلال پاكىز سۈيىنى ئىچمىسە بولامدۇ؟

ھەرىكەت ئەھلىگە ھاياتتىن ئەسەردۇر، قېتىپ قالغانلار تىرىكلىك نىشانىسىدىن بىخەۋەردۇر. سەپەر ھەققىدە «ئەنجۇمەندە خىلۋەت، ۋەتەندە سەير ۋە ھەرىكەت» دېگەن سۆز بار.

## ياخشى ئادەم

ئادەمنىڭ ياخشىراقى شۇكى، تەقۋادار ۋە پاك بولغاي، ھەق

سۆزنى ئېيتىشتا بى ۋەھىمىناك[1] بولغاي. ئۆزى پاك، كۆزى پاكنى ئىنسان دېسە بولىدۇ. تىلى ساپ، دىلى ساپنى ھەقىقىي ئادەم دېسە بولىدۇ .

## ياخشىلىق قىلمىساڭمۇ يامانلىق قىلما

ياخشىدىن يامانلارغا ھەم يامانلىق كۆزلىمەس، ياخشى يامانلارغىمۇ ياخشىلىقنى ئۇنتۇماس. ياخشىلىق قىلالمىساڭ، يامانلىق قىلما. ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ، ياخشىلارغا قوشۇل. ياخشىلار قاتارىدا بولالمىساڭ، ياخشىلار ئەتراپىدا يۈر.

## نەپس شەيتان

پاسىقلىق بىلەن ئۆزۈڭنى ياخشىلاردىن يىراق ئەتمە، يامانلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتمە. ئەقىل ئالدىدا سەت كۆرۈنگەن نەرسە نەپس ئالدىدا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئەگەرچە ھەق يولىدا مەزمۇم[2]، شەيتان يولىدا مەرغۇپتۇر.

ھەر ئىش يولى بىلەن
دەردلىك كۆڭۈل نۇرلۇق چىراغ،
ياشلىق كۆز سۇلۇق بۇلاق.
تىۋە قۇشىن يۈكلەپ كۆچسە بولماس،
ۋە چادىر قاناتىن ئىچى ئۆچسە بولماس.

ئوتنىڭ ئىشى ـــ قۇرۇش، شامالنىڭ ئىشى ـــ سورۇش.

---

[1] ۋەھىمىناك ـــ قورقماس.
[2] مەزمۇم ـــ خار.

سۇنىڭ مەززىسى مۇز بىلەن، ئاشنىڭ لەززىتى تۇز بىلەن. ساقلىقنى خالىساڭ كۆپ يېمە، ئىززەت خالىساڭ كۆپ دېمە. خوتۇنغا تۇشەنمە[1]، مۇخەننەسكە ئىشەنمە. ياخشى كىيىم تەنگە ئارايىش، ياخشى قولدا جانغا ئاسايىش راھەت. تەمەخوردىن كەرەم تىلىمە، گادايدىن دەرەم[2] تىلىمە. بېخىلنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى، سېخىينىڭ ئىشەنچسىز بولۇشى ئاجايىپ ئىشتۇر. چاقىن سىمىن ئۇكسە بولماس، ياغىن رىشتەسىن تۆكسە بولماس. ساراڭنىڭ قۇلىقىغا پەند[3]، شامالنىڭ ئايىغىغا بەند[4].

## پاكلىق ۋە ناپاكلىق

بىباك ھەمدەملىككە يارىماس، ناپاك مەھرەملىككە يارىماس. تەر تارتىلىدۇ، ئوسۇرۇق يېيىلىدۇ. ئەرنىڭ قىلىقى، سوتنىڭ ئىلىقى. ياسانچۇق مەردانە بولماس. دوستنىڭ جاپاسىدىن تويۇپ كەتمە، دۇشمەننىڭ زۇلمىنى ئۇنتۇپ قالما.

## ئۆزۈڭنى بىلسەڭ ئۆزگىنى بىلەلەيسەن

ماللىق نادانىنىڭ دېمىكى، ئالتۇنلۇق چىۋىننىڭ يېمىكى. پاسىقتىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا تىلىمە. كۆلۈپ تۇرۇپ بېرىش — سېخىيلىقنىڭ ئۈستىگە سېخىيلىقتۇر. شاھلارغا يېقىن كىشىنىڭ قورقۇنچىسى كۆپرەك بولىدۇ.

---

① تۇشەنمە — باغلانما.
② دەردەم — پۇل.
③ پەند — نەسىھەت.
④ بەند — باغلاق.

ئىشقىسىز كېسەكتۇر، دەردسىز ئېشەكتۇر. قانائەتلىك كىشى تىلەنمەس پەرزانە، قانائەت تۇگىمەس خەزىنە. ئەلگە قوشۇلغان ئارايىش تاپتى، ئەلدىن ئايرىلغان ئاسايىش تاپتى. خەس قانچە ئۇششاق بولسىمۇ كۆزنى بۇلغايدۇ، دۈشمەن قانچە ئاجىز بولسىمۇ كۆڭۈلنى قوزغىتىدۇ. كىچىك بالىنىڭ قىلغىنى ئىش بولمايدۇ، بادامنىڭ شاكىلى كېمە بولمايدۇ. دۈشمەننىڭ سۆزى بەڭگىنىڭ خىيالى.

### تەنبىھ

نادان دوستنى دوست سانىغا كىرگۈزمە. ئەقىلنىڭ چىرىغىنى ئۇنىڭ بىهۇدە ئەپسانىسى شامىلى بىلەن ئۆچۈرمە. بىرمۇنچە كىچىك بالىلار مۇھەببەت بىلەن ئاتىسىنىڭ ساقىلىنى يۇلىدۇ. بىرمۇنچە مەستلەر دوستلۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن، دوستلۇق كۆرسەتمەك بولغان كىشىنىڭ ئايىغىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئېگىلىپ، ئىختىيارسىز قۇسۇپ، پاك كىشىنىڭ ئېتىكىنى بۇلغايدۇ. دانا دۈشمەندىن پايدا ئىمكانى بار، نادان دوستتىن زىيان ئىمكانى كۆپرەك. شۇڭا، ئۇلار بىلەن ئارىلاشماسلىق كېرەك.

### تەنبىھ

ئادەم جىنسىدىن ۋاپا كۈتمە. ئەقىلنىڭ دەرىخىنى بۇزۇق خىيال شامىلى بىلەن قۇرۇتما. بىر ۋاپا قىلساڭ، ئون جاپا تارتىشقا تەييار بول. تېخى شۇنىڭ بىلەن قوتۇلساڭ جېنىڭ بىلەن مىننەتدار بول. ئەڭ ۋاپاسىزلىقلار توغرىسىدا ھېكايىلەر بار. ئاقىللار ئادەم جىنسىنى ۋاپادىن يىراق ھېسابلايدۇ.

گۈزەللىك ئادەمنىڭ روھىنى ئۆستۈرىدۇ، سەتلىك ئۆمۈرنى ئىزىدىن چىقىرىدۇ. خۇش خۇلق نازىنىننى جەننەتنىڭ ھۆرلىرىگە ئوخشىتىش مۇمكىن، ئەخلاقى بۇزۇق، ئۆزى سەتنى دوزاختىكى دىۋىلەرگە ئوخشىتىش مۇمكىن. مۇخەننەس سەت گەپ قىلماسمۇ، مېكىيان ئىنجاسەت يېمەسمۇ؟ ئەرنىڭ ھۈنىرى سۆز، بابكارنىڭ ھۈنىرى بۆز. ھىنگان تۆگە ھۆركىرەپ بۈيۈك بولالماس، ئۆچكە يۈگۈرۈپ كېيىك بولالماس. كۆڭلىدە دەردى بار كىشىگە كۈلكە ھارام. دۈشمىنى شاھنىڭ يېنىدا بولغان كىشىگە ئۇيقۇ ھارام، تەڭرىم ھەممىنى ئۆزىنىڭ يولىدا قاراقچىدىن ساقلىسۇن، پادىشاھنىڭ يېنىدىكى دۈشمەندىن ساقلىسۇن.

## ئۆمۈرنى غەنىيمەت بىل

ئۆمۈرنى غەنىيمەت بىل، ساقلىق ۋە خاتىرجەملىككە شۈكۈر قىل. بايلىقنىڭ يولىنى تۇت، پېقىرلىقتىن پەخىرلەن. مەزھىپىڭنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلا، ياخشى ـ ياماندىن پۇلۇڭ بارلىقىنى مەخپىي ساقلا. چۈشكۈنلۈكتە كۆرۈن، سۇنۇقلۇق بىلەن كۆڭلۈڭنى تىنچ تۇت. پايدىسىز سۆزنى تولا دېمە، پايدىلىق سۆزنى تولا ئاڭلاشتىن قايتما. ئاز دېگەن ئاز يېڭىلۇر، ئاز يېگەن ئاز يىقىلۇر. ئاچلىق —— ھېكمەتنىڭ دەسمايىسىدۇر، توقلۇق —— غەپلەتنىڭ پىرايىس[1] دۇر. توقلۇقتا ھېرىس بولۇشنى كۆڭلۈڭدىن يوق قىل، ئۆزۈڭ ئاچ بولۇپ يەنە بىرىنى توق قىل. ئۆزۈڭنى چىرايلىق كىيىمنى خىيال قىلىشتىن ساقلا. كىيىمنىڭ

[1] پىرايىس —— زىبۇزىننەت.

چىرايلىقنى ئىزلىسەڭ، بىر يالىڭاچنى كىيگۈز. كىيىم ھەرقانچە زىبادۇر، كىيگىنىڭدىن كىيگۈزگىنىڭ ئەلادۇر.

## ئۆز سىرىڭغا ئۆزۈڭ مەھرەم بول

ئادەم جىنسىنى ئۆز سىرىڭغا مەھرەم دەپ بىلمە، بەلكى پەرىشتىنىمۇ ئۆزۈڭگە مەھرەم قىلما. ئۆزۈڭنىڭ سىرىنى ئاسراش ئۆزۈڭگە مالالدۇر، يەنە بىراۋنىڭ ئۇنى ئاسرىشى ماھال[1]دۇر. سەن ئۆز ئامبىرىڭنى ئاچساڭ، مەخپىي گۆھەرلىرىڭنى چاچساڭ، ئۇنى تەرگەن كىشى ئۇنى سىپىماي قانداق قىلسۇن. سىنىڭ ئاسرا دەپ تەكىتلىگىنىڭ نەگە يەتسۇن؟ ئۆزۈڭنىڭ سىرىنى ساقلىيالمىغانلىقىڭنى بىلسەڭ، يەنە بىراۋ پاش قىلسا، ئۇنى ئەيىبلەمسەن؟ بۇ سىر ساقلىيالمىغانلىقىڭغا «ھەشقاللا!» ۋە ئىتىراز قىلغىنىڭغا «باركاللا!»

كۆزنى ئۆز ئەيىبىڭدىن ئالما، باشقىلار ئەيىبىگە كۆز سالما.

## سۆزۈڭ يالغان ئۆزۈڭ يالغان

چىن سۆزنى يالغانغا چوغلىما، چىن ئىيتالايدىغان تىلنى يالغانغا بۇلغىما. يالغانچى ــــ كىشى ئەمەس، يالغان سۆزلەش ياخشىنىڭ ئىشى ئەمەس. گۆھەرنى تاش قاتاردا كۆرگەندەك يالغان سۆز كىشىنى ئىتىبارسىز قىلىۋېتىدۇ. راست سۆزنى يالغانغا قاتقانلىق گۆھەرنى نىجاسەتكە ئاتقانلىق بولىدۇ.

---

[1] ماھال ــــ مۇمكىن ئەمەس.

## توغرا يول بۇدۇر

ئۇيقۇدا چۈشۈڭگە نېمە كىرسە ياخشى ئۆيۇر[1]. ئەلنىڭ سۆزىنى يامانلىق تەرەپكە بۇرىما. غالىب دۈشمەن يېڭىلگەن بولسا، يامانلىقنى ئاشكارىلاپ، ياخشى تەرىپىنى ياپما. كۈچلۈك دۈشمەن مەغلۇپ بولسا ئەركەكچىلىك قىل. دەردى يوق زالىمنىڭ سۆھبىتىدە ئېغىز ئاچما. ئالدامچى، نامەردلەرنىڭ مۇلايىمىتى ھەققىدە ئۈن چىقارما. دانا قولدىن كەتكەنگە دەم ئۇرماس ۋە سۆز ئېيتماس، ئۆتكەن ياشلىق ئارزۇ بىلەن قايتماس. ئۆتكەن كۈن كەتكەن كۈندۇر. كەلمىگەندىن گەپ ئۇرغان نادامەت ئەھلىدۇر، ھازىرقىسى غەنىيمەتتۇر. بىر تۈرك كىشى «دەم — بۇ دەمدۇر» دېگەن ئىكەن.

### تەمسىل
### (دۇنياۋى ئىشلارنىڭ پۈتمەسلىكى توغرىسىدا)

بىر كىشى ئۆي سېلىش ئۈچۈن تام ئەتمەكچى بولسا، ھەممىگە مەلۇمكى، خىشنى تامغا چاك باستۇرۇپ قويىدۇ. يەنى، بىرىنچى قېتىم قويۇلغان خىش ئۈستىگە ئىككىنچى خىشنى قويغاندا، خىشنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى پارچە قالدۇق پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ پىلان بىلەن مىڭ، ئىككى مىڭ خىش قويۇلسا، بۇ خىل پارچىلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. تامنى تۈزەش ئۈچۈن يەنە خىش قويساق، خىش قويغانسېرى يەنە كۆپ پارچىلار

---

[1] ئۆيۇر — تەبىر بەر.

پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ پارچىلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن خىش قويۇۋەرسەك، پۈتكۈل يەرشارىغا تام ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان خىيالنى قىلىش توغرا ئەمەسكى، ئاخىرلاشتۇرۇش ئىمكانى يوقتۇر. ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلىساڭ، يەنە كۆپ پارچىلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بىرنەچچە مىڭ، يۈز مىڭ... چەكسىز ئارتىپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇنى تۈزەش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ چارىسى خىشنى پارچىلاش بىلەن پىلاندىكى تامنى پۈتكۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ.

ئادەملەر دۇنيا ئىشىدا كۆڭلى خالىغان ۋە ئادەمىيەت تائىپىسى تەقەززا قىلغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىش بىلەن تىرىشىپ تىلىگەننى تاپسا، يەنە ئۇنى تولۇقلاش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يۈز ھەسسە كۆپرەك ئېھتىياج ۋە تەلەپ تۇغۇلىدۇ. ئۇنى تاپسا يەنە كەملىك ھېس قىلىنىدۇ. ئاخىرى قولغا كېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان تەسەۋۋۇرلارغا يېتىپ بارىدۇ. مەسىلەن: بىر پادىشاھمۇ بىرمۇنچە شەھەرنى قولغا كىرگۈزسە، يەنە باشقا شەھەرلەرگە كۆزى چۈشىدۇ. ئۇ شەھەرلەرنى قولغا چۈشۈرسە، يەنە باشقا شەھەرلەرگە كۆزى چۈشىدۇ. بۇ خىل تۈگىمەس تىلەكنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى يەنە شۇكى، ئادەم تەبىئىتىدە بولغان بىرمۇنچە مۇددىئا ۋە ئارزۇدىن كېچىشتۇر. ئەمدى ئەسلىي مەقسەتكە كەلسەك، بۇ دۇنيادىكى سەۋەبلەرنى، مۇددىئا ۋە ئارزۇلارنى كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش بىلەن كۆپ تەشۋىش ۋە تەكلىپلەردىن خالاس بولغىلى بولىدۇ. ئەگەر ھەق يولىغا مېڭىشقا توسالغۇ بولىدىغان مۇددىئا ۋە ئارزۇلاردىن پۈتۈنلەي قول تارتسا، ئازادە ۋە خاتىرجەم بولۇش ئوڭايدۇر. بۇ خىل دۆلەت كۆپ كىشىلەرگە مۇيەسسەر بوپتۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ بار ئىكەن، ئاردىن چىقىپ كەتكەنلىرىمۇ بار ئىكەن. ئاردىن چىقىپ كەتكەنلىرى ئالىملارنىڭ كىتابلىرىدا مەزكۇردۇر.

تۇرمۇشتا يەرگە پىششىق خىش ياتقۇزۇشقا ئوخشاش نۇرغۇن مىساللار ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا، خىشنى پارچىلاش بىلەن ياكى خىش تولۇقلاش بىلەن قىيىنچىلىق ئاسانلىقتا يۈز تۇتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ياتقۇزۇش خىيالى پۈتۈنلەي كۆڭۈلدىن چىقىرىلسا، كىشى ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدىغان تەسەۋۋۇردىن قۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئۆيگە خىش ياتقۇزۇلغان بولسا ياكى بىسات بولمىسا، يېمەكلىكلەردىن نېمە كېمىيىپ قالار. ئەۋلىيالارنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى سۈپىتىدە ئۆي بىساتى توغرىسىدا سۆزلەر بولغانمىكىن؟ ئۆي بىساتىغا ھېچ ئىش باغلىق ئەمەس. ئۇنىڭغا ھېچ ئىش موھتاج ئەمەس. ھەقىقەتتە، ئالەمدىكى ئىشلار تۆت ـ بەش كۈنلۈك ھاياتتا بولۇپ ئاخىرى ئۆلىدۇ. قانلار يۇتۇپ ھاسىل قىلغان پۈتكۈل نەرسىلىرىمىزنى يۈز ھەسرەت ـ ئارمان بىلەن قويۇپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

جەمىلە ئوقۇشنى توختاتقاندا ئاللىبۇرۇن كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتكەچكە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالغانىدى.

— كۈننىڭ بۇنداق تېز ئۆتكىنىنى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىشىم. ۋاقىتنى مەنىلىك ئۆتكۈزسە، نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! ساڭا كۆپ رەھمەت، نادىرە. مەن سەن بىلەن كۆرۈشۈپ مەكتەپ ھاياتىمغا قايتقاندەك بولدۇم.

— مەنمۇ بەك خۇش بولدۇم جەمىلە! سەن بىلىسەن، مېنىڭ سەندىن باشقا يېقىن دوستۇم يوق. ئەمدى بۇندىن كېيىن يوقاپ كەتمە، — دېدى نادىرە. جەمىلە نادىرەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— بۇندىن كېيىن يوقاپ كەتمە دەپ، مېنى ئۆيۈڭدىن قوغلاۋاتامسەن نېمە؟ خاتىرجەم بول يېنىڭدا يېتىۋالمايمەن، — دېدى.

— قارا نازۇكلۇقۇڭنى، ھېلىغۇ سەن ھازىر ئاچىرىشىپ

كېتىپسەن، ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ ئىبرىگىنىڭ ئالدىغا بىرىپ سورىۋېلىپ بىر كىچە مۇڭدىشىۋالمىسام پۇخادىن چىقماس ئىدىم، — دېدى نادىرە سەل رەنجىگەندەك قىياپەتتە.

يېقىن دوستلار ئارىسىدىكى زىيادە ئامراقلىقتىن بوپ تۇرىدىغان تاتلىق رەنجىشلەر ئۇلارغا مەكتەپ ھاياتىدىكى شېرىن ئەسلىمىلەرنى قايتا ئەسلەتكەندەك بولدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن قانچە تېز رەنجىسە، شۇنچە تېز ئەپلىشىپ قالاتتى.

— مەكتەپتىكى نازۇكلۇقۇڭ پەقەت ئۆزگەرمەپتۇ، — دېدى جەمىلە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— سەنلا چۈشىنىسەندە مېنى، جېنىم دوستۇم، — يېقىملىق كۈلدى نادىرە، — يۈر، تاماق يېگەچ چوڭلارغا تېلېفون قىلىپ قويايلى.

مەكتەپنىڭ يېنىدىلا ئۆي لەگمىنى ئېتىدىغان بىر ئاشخانا بار ئىدى. ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ، تاماق بۇيرۇتۇپ قويۇپ، يەنە قىزغىن پاراڭلىشىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىلىرى ھېچ ئۈزۈلۈپ قالمىغاندەك ئەمەس ئىدى. تېلېۋىزوردىن ياڭراۋاتقان يېقىملىق تونۇش ئاھاڭ ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسىنى ئۈزۈپ قويدى. «تەلەپ - تەقدىم» پروگراممىسىدا ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خەلق ناخشىسى «مىراجىخان» تەلەپكارلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلۇۋاتاتتى. ئىككىيلەن ناخشا بىلەن بولۇپ كېتىپ، تاماقنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانلىقىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. ئۇزۇندىن بۇيان دىدارلاشمىغان، قانغۇدەك ئەسرالىشىپ بولالمىغان بۇ قەدىناسلار خۇش كەيپىياتتا ھۇزۇرلىنىپ غىزالاندى. ئۇلار بۇگۈن كېچە غەنىيمەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈگىمەس پاراڭ بەزمىلىرىنى قۇرۇش ئىستىكىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېدى، تېلېۋىزوردا بېرىلىۋاتقان تېلېۋىزور ئىستانىسىغا جەمئىيەتتىن جىددىي دىكتور قوبۇل

قىلىش ئىپلانى ئۇلارنىڭ قەدىمىنى ئۈزۈپ قويىدى. ئىپلاندا دىيىلىشۋاتقان تەلەپ ۋە شەرتلەرگە جەملە تازا چۈشەتتى. ئوقۇش پۈتكۈزۈپلا خىزمەت ئىشلەي دىيىشمۇ، پۇرسەت بولمىغان، تۇرمۇش دىشۋارچىلىقىدىن ئەمدىلا قول ئۈزۈپ چىققان بۇ قىز خاراكتىر ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن ماس كېلىپلا قالماستىن، بۇ غەنىيمەت پۇرسەت ئىدى. نادىرە ھەم دوستىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتىگە كۆڭلىدە چىنپۈتەتتى.

كېچە ئۇزۇن بولسىمۇ ئەمما قەدىناس دوستلار ئۈچۈن تولىمۇ قىسقا تۇيۇلدى. گۈزەل كەچمىشلەر، كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەر ئۇلارنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىدىن غالىب كەلدى. بۇ كېچە جەملە ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر كېچە بوپقالدى. ئۇ شۇ تاپتا ياشلىق گىچماچلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن خالتا كوچىلاردا تەمتىرەپ يۈرگەن ئازابلىق قىسمىتىگە خاتىمە بېرىپ، گۈزەل، پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن بەيگە مەيدانى ھازىرلاۋاتاتتى.

بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ چىقىپ، يېڭىدىن چىقىش يولى تاپقاندەك، ھايات بارغانسېرى ئۇنىڭغا كۆلۈپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئاجايىپ بىر يېقىملىق تۇيغۇنىڭ قوينىدا ئەللەيلىنىۋاتاتتى. بۈگۈنكى دوستانە پاراڭلار ئۇنىڭ ئازابلىق ئۆتمۈشىدىن قالغان قەلب يارىلىرىغا مەلھەم سۈركەۋاتاتتى.

نادىرەمۇ بۈگۈنكى خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشتىن ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن جەملەنى بۇندىن كېيىنكى چىقىش يولى ئۈستىدە توختىماي ئىلھاملاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىيالىدا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋاتقان پىكىرلىرىنىڭ راۋانلىشىپ، يېڭىدىن - يېڭى ئىلھاملارنىڭ تولۇپ - تېشىۋاتقانلىقىدىن خۇرسەن بولاتتى. خۇددى ھازىرلا قولىغا قەلەم ئالسا، بىر پۈتۈن ئىلمىي ماقالە پۈتۈپ چىقىدىغاندەك تۇيغۇدا

بولاتتى. بۇ بىر كۈن شۇنداق خەيرلىك ئاياغلاشتى. ئەتىسى ئىككى دوست يېڭى پىلان، يېڭى تۇرمۇش ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىپ خوشلاشتى.

ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ ـ ھە!

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ئاي ئۆتۇپ كەتتى. نادىرە كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، كۇتۇپخانىغا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىك چېكىلدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

— بۇ سەنمۇ جەمىلە، تونۇيالمايلا قالدىمغۇ، بەئەينى مەكتەپتىكى سەبىي ھالىتىڭگە قايتىپسەنغۇ، — نادىرە جەمىلەنىڭ چىراي ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتى. چۈنكى بىر ئاينىڭ ئالدىدا كۆرۈشكەن جەمىلەدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى كىيىنىشىگە سۇس گىرىمى قوشۇلۇپ، ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى.

— راست، مەن ھەقىقەتەن ئۆزگەردىم، نادىرە، مەن ئەمدى ھەقىقىي جەمىلەدەك ياشايمەن. بۈگۈن ساڭا بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدىم. مەن دىكتور تالالاش ئىمتىھانىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۇپ بۈگۈن ئىشقا چۈشتۇم. ساڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەچ مېھمان قىلغىلى كەلدىم، — دېدى جەمىلە زوق ـ شوق بىلەن. نادىرە دوستىنى چىڭ قۇچاقلىدى، شۇ تاپتا بۇ ئىككى دوستنىڭ ۋۇجۇدىنى ئالەمچە شادلىق قاپلىغانىدى...